# جىھاد بەلگىسى



مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلھەسمى
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى تەلھە (رەھمەھۇللاھ)

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# جىھاد بەلگىسى

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلھەسمى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى تەلھە (رەھىمەھۇللاھ)

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

مەن شەيخ مۇھەممەد ئەلھەسمى ھەفىزەھۇللاھنىڭ «جىھاد بەلگىسى» ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدا نۇر، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە سەممىي نەسىھەت بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

بۇ كىتاب ياخشى ۋە پايدىلىق ئىكەن، مەن ئۇنىڭ بېسىپ تارقىتىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۇنى ئوقۇپ بېقىشقا تەشەببۇس قىلىمەن.

— سۇلايمان ئىبنى ناسىر ئەلئۇلۋان

1434/12/2 ھ

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە.......................................................................................6
جىھادنىڭ پەزىلىتى.........................................................................10
1. جىھاد – ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى................................................10
2. جىھاد – شەخس ۋە ئۈممەتنىڭ ھاياتى.............................................18
3. جىھاد – ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق يولى، ئۇنى تاشلاش خارلىق ۋە زەبۇنلۇق...20
4. جىھاد – زىيانسىز تىجارەت.........................................................21
5. جىھاد – اللە تائالا ئۇ ئارقىلىق گۇناھلارنى كەچۈرىدىغان ئەڭ ئەۋزەل
ئەمەل..............................................................................................24
6. اللە تائالا يولىدىكى جىھاد غەم - قايغۇلارنى كەتكۈزىدۇ................25
7. جىھادنى تاشلاش – ھالاكەت ۋە پىتنە.............................................27
جىھادنىڭ ھەقىقەتلىرى....................................................................30
1. اللە تائالا يولىدىكى جىھادنىڭ بۈيۈك نىشانى ۋە ئالىي غايىسى.......30
2. ئىلىم ۋە جىھاد..............................................................................34
3. جىھادنىڭ ئۇنۇملۇك مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىش.........................37
4. ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَّكُمْ﴾..............................................41
5. تەييارلىق قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى.....................................................43
6. قوغدىنىش جىھادىغا ھېچقانداق شەرت كەتمەيدۇ.........................46
7. ماددىي كۈچنىڭ ئەقىدە ۋە ئىماننىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولۇشى......47
8. كۆپلۈك ئەسقاتمايدۇ.......................................................................50
9. جىھادتا دۈشمەنلەر قانداق تالاپەتكە ئۇچرايدۇ؟............................53

10. نۇسرەتنىڭ سەۋەبلىرى.............................................................................56
11. مەغلۇبىيەتنىڭ ئامىللىرى، ئۇنىڭ يۈز بېرىشتىكى ھېكمىتى ۋە مۇسۇلمانىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيىسى.......................................65
12. جىھادتىكى بەيئەت...............................................................................78
13. دۆلەت قۇرۇش.......................................................................................79
مۇجاھىد پەيغەمبەر ﷺ.................................................................................82
مۆئمىنلەرگە خۇش بىشارەت بەرگىن!..............................................................86

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على أشرف الأنبياء والمرسلين نبينا محمد وآله وصحبه أجمعين.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب اللە تائالانىڭ رازىلىقى ۋە بارچە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن تەرجىمە قىلىندى. ئۇشبۇ تەرجىمىنى ئەلۋەتتە كەمچىلىكتىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما اللە نىڭ كىتابىغا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ۋە ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە قارشى كەلگەن ھەرقانداق نەرسىدىن بىز ئادا - جۇدامىز.

توغرا قىلغان بولساق اللە تائالانىڭ پەزلى - رەھمىتىدىن، خاتا قىلغان بولساق ئۆزىمىزدىن. شۇڭا ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە سەمىمىي نەسىھەت قىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۆچ چىقارغان ۋە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلغان قېرىنداشلىرىمىزغا اللە تائالانىڭ ياردىمى، مەغپىرىتى ۋە ئېھسانىنى تىلەيمىز. شۇنداقلا بۇ كىتابنى نەشىردىن چىقىرىش جەريانىدا تەرجىمە - تەھرىر ۋە بېسىپ تارقىتىلىشىغا خالىس ياردەم قىلىپ كۆچ چىقارغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى سالىھ دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

اللە تائالا بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمىزنى ئۆزى قوبۇل قىلسۇن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!

## مۇقەددىمە

بارچە ھەمدۇ - سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه تائالاغا خاستۇر. دۇرۇت ۋە سالام مۇجاھىدلارنىڭ ئىمامى، ئاق قاشقىلىقلارنىڭ قوماندانى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ﷺ گە، ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئىزىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىپ، قىيامەت كۈنىگىچە ھەق ئۈستىدە جىھاد قىلغان مۇئمىنلەرگە بولسۇن!

بۈگۈن مۇھەممەد ﷺ نىڭ بۇ بۈيۈك ئۈممىتىنىڭ رېئاللىقىغا قارىغان كىشى بۇ ئۈممەتنىڭ تارىختىكى ئەڭ يامان، ئەڭ زەئىپ بىر دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۈممەت شۇ دەرىجىدە خار بولدىكى، ئۈممەتنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈممەتنى ئەڭ ئېغىر قىيناق بىلەن ئازابلىماقتا، پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ۋەتەنلىرىنى ئىشغال قىلىپ، بايلىقلىرىنى خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلماقتا.

بۈگۈن ئۈممەت ياشاۋاتقان رېئاللىق ئۆتكەن ئەسىردىكى غەرب تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاچچىق يەكۈنى. ئۇلار بۇ ئۈممەتنىڭ غەلىبىسىنىڭ ئىسلام بىلەن بولىدىغانلىقىنى، ئىسلام زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى، بۇ دىنىنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدا قانۇن ۋە ھاكىم بولۇپ تۇرۇشى ئۈممەتنىڭ ئويغىنىشىغا، ئۆز شان - شەرىپىگە قايتىشىغا ئەڭ چوڭ سەۋەب ھەمدە ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە ئىسلام زېمىنلىرىغا بولغان كونتروللىقىغا تەھدىت بولۇۋاتقان ئەڭ چوڭ خەتەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلار دىنىنى ھاكىمىيەتتىن ئېلىپ تاشلاش ۋە ئۇنى مەسجىدلەردىلا قالدۇرۇش

ئۇچۇن، «دېموكراتىيە» دېگەن سەپسەتىنى مەيدانغا ئېلىپ چىقتى ۋە پاك شەرىئەتنى يەرلىك قانۇنلارغا ئالماشتۇردى. بۇ يەرلىك قانۇنلار ئاۋۋال دىننى دۆلەتتىن يىراقلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى كونترول قىلىشىغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىشىگە، شۇنداقلا ئۇممەتنىڭ ئېتىقاد ۋە مەنھەج جەھەتتە خارابلىشىشىغىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئاخىرى ئۆز پادىشاھلىرىنىڭ دىنىغا كىرگەنلىكىنى، پاك بۇلاقنىڭ ئاللىبۇرۇن لېيىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ، كېيىنكى قەدەمدە ئۇلارنىڭ يامانلىرىنى يەنى اللە تائالادىن قورقمايدىغان، ئۇنىڭ شەرىئىتىنى قانۇن قىلمايدىغان ناچار، نادان ھاكىملارنى ئۇلارغا باش قىلدى. بۇ كىشىلەر ئۆز خوجايىنلىرىغا ئىتائەت قىلىپ، نەپسلىرى قاندۇرۇلۇپ، مەنسەپلىرى سالامەت بولسىلا، قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشتا سۇسلۇق قىلمايدىغان خالىس چاكار، ئىشەنچلىك ۋەكىل سۈپىتىنى ساقلاپ كەلدى.

ئۇلار بۇ دىندىن يوقىتىشقا ۋە بەلگىسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا توختىماي تىرىشقان ئەڭ چوڭ مەسىلە اللە تائالا يولىدىكى جىھاد ئىدى، چۈنكى ئىسلامدىكى جىھاد ئۇلارنىڭ سۇيىقەست - پىلانلىرىغا سۇكۇت قىلىپ قاراپ تۇرمايتتى بەلكى ئىسلام زېمىنلىرىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئازات قىلىشقا بۇيرۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا بېرىپ جىھاد قىلىشقا ۋە ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىشكە بۇيرۇيتتى، شۇنداقلا ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ياكى ئىسلام ھۆكۈملىرىگە، ئىسلام دۆلىتىگە بويسۇنۇپ خار ھالەتتە جىزيە تۆلەپ ياشاشقا چاقىراتتى.

ئۇلار جىھادنى «تېررورلۇق» دەپ سۈپەتلىدى ۋە ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىپ «قەبىھ ئىش» قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى، ئەسلىدىنلا بۇلغانغان بۇ مەنھەجنى جىھادنىڭ توغرا چۈشەنچىسىدىن خالىي بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يەنىمۇ ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇدى. ۋەكىللەر ئۆز خىزمىتىنى بېجىرىپ، جىھادقا چاقىرغان بارچە ئاۋازنى ئۆچۈرۈپ، بارچە قەلەملەرنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى. بۇ ۋەكىللەر ھەتتا جىھادنى كۆڭلىدە ئويلىغان كىشىلەرنىمۇ تۈرمىلەردە قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، جىھادقا چىقىش ئۈچۈن جۈرئەتلەنگەن ۋە مەيدانغا چىققان كىشىنى بولسا ئۆزلۈكىدىن كەچۈرۈم سوراتقۇزدى. ئۇلار بۇ كىشىگە نىسبەتەن ھەرقانداق شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتىنى قوبۇل قىلمىدى ھەتتا كەچۈرۈم سورىسا كەچۈرۈمنى ھەم ئېتىبارغا ئالمىدى.

باتىلنى زىننەتلەش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئىلىم ۋە دەۋەتكە نىسبەت بەرگەن كىشىلەر مۇنبەرگە چىقىۋېلىپ، جىھاد چۈشەنچىسىنى نوقۇل «ۋەتەن قوغداش» دەپ بۇرمىلاشتى؛ ئۆز پەتىۋالىرى ئارقىلىق جىھادنى باتىل كۆرسىتىپ، ئۇنى يوق قىلدى؛ «اللّٰه تائالا يولىدىن توسۇش» ۋە «مۇجاھىدلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش» بايراقلىرىنى كۆتۈرۈشتى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، ئۆزىنىڭ ئازاتلىق دەۋالىرى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار زېمىنىنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىنى مۇبارەكلەشتى، شەرىئەتنى تاجاۋۇزچىلار تۈزگەن نىزاملارغا بويسۇندۇردى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭ ئاستىغا كىرىشكە چاقىردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇجاھىدلارنىڭ مۇستەھكەم تۈرۈشى بولسا جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئالدانغانلارغا ئۆزرە

بولۇش، شۇنداقلا اللّٰه تائالا يولىدىكى جىھادنىڭ بۇ ئۇممەتنىڭ شان - شەرىپىگە ۋە ئۆزىگە قايتىشىنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكىنى غاپىللارغا ئەسلىتىش ئۈچۈن، جىھادنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ھەقىقەتلىرىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلدىم.

جىھاد يولى – ئار - نومۇسنى ھىمايە قىلىش، يۈز - ئابرۇينى ساقلاش، اللّٰه تائالانىڭ رازىلىقى ۋە جەننىتىگە ئېرىشىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ غەزىپىدىن ۋە دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر.

بۇ كىتابنىڭ ئىسمى «جىھاد بەلگىسى» بولۇپ، اللّٰه سۇبھانەھۇ ۋە تائالادىن بىزنى ئۆز دىنىغا ياردەم بەرگۈچىلەر قاتارىدىن قىلىشىنى، ئۆز كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلىشىنى، ئەمەللىرىمىزنى سالىھ ۋە ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشىنى ھەمدە بىزنى مۇجاھىد ۋە شەھىدلەرنىڭ قاتارىدىن قىلىشىنى سورايمەن.

اللّٰه تائالا بۇ كىتابنى ئالىم، شەيخ سۇلايمان ئىبنى ناسىر ئەلئۇلۋان ھەفىزەھۇللاھقا سۇنۇشۇمغا مۇيەسسەر قىلدى. ئۇ كىشى بۇ كىتابنى تەقدىم قىلىشقا ۋە بېسىپ تارقىتىشقا ئىشارە قىلىپ، ئوقۇپ بېقىشقا تەشەببۇس قىلدى. اللّٰه تائالادىن ئۇ كىشىگە مەن ۋە مۇسۇلمانلاردىن ياخشى مۇكاپات بېرىشىنى، ئۆز ئىلمىدىن مەنپەئەتلەندۈرۈشىنى، دەرىجىسىنى ئېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشىنى ۋە بارچە يامانلىقتىن ساقلىشىنى سورايمەن، ئامىن!

# جىھادنىڭ پەزىلىتى

## 1. جىھاد – ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى

الله تائالا يولىدىكى جىھاد – ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، مۇجاھىدلار – ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كىشىلىرى. كىتاب ۋە سۈننەتتە بۇ ھەقتە مۇنداق دەلىللەر كەلگەن:

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ۞ دَرَجَاتٍ مِنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا ۞﴾ «مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار) نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى [95]. الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [96]».①

① سۈرە نىسا 95-، 96- ئايەتلەر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەقىقەتەن جەننەتتە يۈز دەرىجە بار، اللە ئۇنى ئۆز يولىدىكى مۇجاھىدلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان. ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق ئاسمان بىلەن زېمىندەك كېلىدۇ».[1]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى ئەبۇ سەئىد! كىمكى اللە نىڭ رەب ئىكەنلىكىگە، ئىسلامنىڭ دىن ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە رازى بولسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ». ئەبۇ سەئىد ھەيران بولۇپ: «ئى اللە نىڭ رەسۇلى، ئۇنى قايتا دېگىن» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ قايتا تەكرارلاپ بەردى. ئاندىن: «ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئەمەل بار، ئۇ ئارقىلىق بەندە يۈز دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ پەرقى ئاسمان - زېمىندەك كېلىدۇ» دېدى. ئەبۇ سەئىد: « ئى اللە نىڭ رەسۇلى، ئۇ قايسى ئەمەل؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «اللە يولىدىكى جىھاد، اللە يولىدىكى جىھاد» دېدى.[2]

جىھاد بىلەن باشقا ياخشى ئەمەللەرنى ۋە مۇجاھىدلار بىلەن باشقا كىشىلەرنى ئوخشاش دەپ قارىغانلارنى اللە تائالا ئىنكار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا يَسْتَوُونَ عِنْدَ اللَّهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ ۞ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ أَعْظَمُ

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

دَرَجَةً عِنْدَ اللَّهِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ ۞ يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُمْ بِرَحْمَةٍ مِنْهُ وَرِضْوَانٍ وَجَنَّاتٍ لَهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُقِيمٌ ۞ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا إِنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ ۞﴾ «سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى اللّٰە قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە اللّٰە نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ اللّٰە نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. اللّٰە زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [19]. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى مەم جانلىرى بىلەن اللّٰە نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللّٰە نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر [20]. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ [21]. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، اللّٰە نىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار [22]».[1]

بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا «سەھىھ مۇسلىم»دا مۇنداق دەپ كەلگەن:

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبىرىنىڭ يېنىدا ئىدىم. بىر كىشى:

— ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا ئىش قىلمىساممۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى. يەنە بىر كىشى:

---

[1] سۈرە تەۋبە 19- ئايەتتىن 22- ئايەتكىچە.

– ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، بەيتۇلھەرەمنى ئاۋات قىلىشتىن باشقا ئىش قىلمىساممۇ بولۇۋېرىدۇ، – دېدى. ئۈچىنچى كىشى:

– سىلەر دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن جىھاد قىلىش ئەۋزەل، – دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا كايىپ:

– ئاۋازىڭلارنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبىرىنىڭ ئەتراپىدا يۇقىرى كۆتۈرمەڭلار، بۈگۈن جۈمە كۈنى، جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلە ھەققىدە سوراپ بېرەي، – دېدى. شۇ ۋاقىتتا الله تائالا بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ﴿أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا يَسْتَوُونَ عِنْدَ اللَّهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ ۞ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِنْدَ اللَّهِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ ۞ يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُمْ بِرَحْمَةٍ مِنْهُ وَرِضْوَانٍ وَجَنَّاتٍ لَهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُقِيمٌ ۞ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا إِنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ ۞﴾ «سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى الله قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ الله نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [19]. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر [20]. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ [21]. ئۇلار

جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار [22]».①

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «مېنى جىھادقا باراۋەر كېلىدىغان بىر ئەمەلگە باشلاپ قويغىن» دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن ئۇنداق ئەمەلنى بىلمەيمەن. ئەگەر بىر مۇجاھىد جەڭگە چىقىپ كەتسە، سەن مەسجىدكە كىرىپ چارچىماستىن قىيامدا تۇرۇشقا، ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالامسەن؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇ كىشى: «كىممۇ قادىر بولالىسۇن!؟» دېدى.②

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «اللّٰه تائالا يولىدىكى جىھادقا قايسى ئەمەل باراۋەر بولالايدۇ؟» دېيىلىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنى قىلىشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. سورىغۇچى يۇقىرىقى سوئالنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەر قېتىمدا: «ئۇنى قىلىشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ» دېدى، ئاندىن: «اللّٰه يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى كۈندۈزى ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقان، كېچىسى ئۇخلىماي قىيامدا تۇرغان، ھەمىشە اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇغان، اللّٰه يولىدا جىھادقا چىقىپ كەتكەن شۇ مۇجاھىد قايتىپ كەلگەنگە قەدەر روزا تۇتۇشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن قىلچە سۇسلاشمىغان

---

① سۈرە تەۋبە 19- ئايەتتىن 22- ئايەتكىچە.

② بۇخارى رىۋايىتى.

قالمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ» دېدى.[1]

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىشنىڭ بېشى ئىسلامدۇر، تۈۋرۈكى نامازدۇر ۋە چوققىسى جىھادتۇر».[2]

ئەللامە ئىبنى رەجەپ ھەنبەلىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ چوققىسى بولسا ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ يۈكسەك دەرىجىسىدۇر. ئىمام ئەھمەد ۋە باشقا ئالىملار ئېيتقاندەك، بۇ ھەدىس جىھادنىڭ پەرز ئەمەللەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ».[3]

مانا بۇ، جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر بولۇپ، مۇجاھىدلار – ئۈممەتنىڭ ئەۋزەللىرى، چۈنكى جىھاد ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلى ۋە كاتتىسىدۇر، ئەجىر ۋە مۇكاپاتتا ئەڭ ئالىيسىدۇر. ئۈممەتنىڭ ئىززىتى ۋە شەرىپى ئۇلارغا باغلىق؛ ئۇلار ئارقىلىق يۈز - ئابرۇيى ساقلىنىدۇ، قانلار ئەمىن بولىدۇ؛ ھاياتلىق يولى سالامەت بولۇپ، مۇقىملىق ئەمەلگە ئاشىدۇ؛ ئۈممەت تاجاۋۇزچى دۈشمەندىن قۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ جىھادى ئارقىلىق ئىلىم ۋە الله تائالا تەرىپىگە بولغان دەۋەت يولى كېڭىيىدۇ ھەمدە الله تائالانىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھۆججىتى ئىجرا بولىدۇ. باشقىلار ماللىرىنى تەقدىم قىلسا، بۇلار ئىسسىق جانلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ؛ باشقىلار ۋاقتىنى قۇربان قىلسا، بۇلار دۇنيا ۋە دۇنيادىكى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئىبنى رەجەب ھەنبەلىنىڭ «جامع العلوم والحكم» كىتابى 1- توم 247- بەت.

بارچە نەرسىلىرىنى قۇربان قىلىدۇ. ئۇلار بۇ يولدا ئەڭ ئېغىر پىتنە ۋە ئىمتىھانلارغا دۇچ كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ سىنىلىدىغىنى پەيغەمبەرلەر، ئۇنىڭدىن قالسا شۇلارغا ئوخشاشلاردۇر».[1] ئەنە قاراڭ! باشلار ئۈزۈلگەن، ئەزالار پارە - پارە بولغان، پۇت - قوللار كېسىلگەن...

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى جىھاد ئۈچۈن مال ۋە جان سەرپ قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ پايدىسى چوڭ - كىچىك، كۈچلۈك - ئاجىز، ئەر - ئايال بارچە مۇسۇلمانلارغا بولىدۇ. جىھادتىن باشقا ئەمەللەر مەيلى پايدا ۋە خەتەردە بولسۇن ياكى پەزىلەت ۋە ئەجىردە بولسۇن ئۇنىڭغا باراۋەر كېلەلمەيدۇ»[2].

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «جىھادقا بۇيرۇش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلەش كىتاب ۋە سۈننەتتە كۆپ ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد – ئىنساننى اللە تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل، شۇنداقلا ئالىملارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن ھەج ۋە ئۆمرىدىن، ھەرقانداق نەپلە ناماز ۋە نەپلە روزىدىنمۇ ئەۋزەلدۇر، بۇنىڭغا كىتاب ۋە سۈننەت دالالەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: <ئىشنىڭ بېشى ئىسلامدۇر، تۈۋرۈكى نامازدۇر ۋە چوققىسى جىھادتۇر>.[3] جىھادنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىس

[1] بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» كىتابى 10- توم 362- بەت.

[3] تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

باشقا ئەمەللەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە قارىغاندا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ ھەممە كىشىلەرگە نىسبەتەن ئوچۇق مەسىلە.

جىھادنىڭ مەنپەئىتى دىن ۋە دۇنيالىقتا مۇجاھىدقىمۇ، باشقىلارغىمۇ ھەم بولىدۇ، ئۇ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارچە ئىبادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى اللّٰه تائالانى ياخشى كۆرۈش، ئىخلاس قىلىش، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىش، ئۇنىڭ ئۇچۇن جانلىرى ۋە ماللىرىنى تەقدىم قىلىش، شۇنداقلا سەۋر، زاھىدلىق، اللّٰه تائالانى ئەسلەش قاتارلىق باشقا ئەمەللەر ئۆز ئىچىگە ئالالمايدىغان ئەمەللەرنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنى ئورۇندىغان كىشى شەخس بولسۇن ياكى بىرەر جامائەت بولسۇن دائىم ئىككى ياخشىلىق ئىچىدە بولىدۇ، غەلىبە - نۇسرەت ياكى جەننەت - شاھادەت. جىھادقا ھايات ۋە ماماتلىقىنى سەرپ قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ؛ ئۇنى تاشلاپ قويۇش ئىككى سائادەتنىڭ قولدىن كېتىشىگە ياكى كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ بەزىسى دىن ۋە دۇنيالىقتا مەنپەئىتى ئاز بولسىمۇ جاپالىق ئەمەللەرگە قىزىقىدۇ. جىھاد بولسا ھەرقانداق ئەمەلدىن مەنپەئەتلىك. بەزىلەر ئۆزىنى تەرەققي قىلدۇرۇۋېتىپ توساتتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، شەھىدلىك ئۆلۈمى بارچە ئۆلۈمدىن ئاسان ۋە بارچە ئۆلۈمدىن ئەۋزەلدۇر».[1]

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بىلىشىمچە، ئالىملار ئىبادەتلەر

[1] ئىبنى تەيمىيەنىڭ «السياسة الشرعية» كىتابى 159- بەت.

ئىچىدە جىھادتىنمۇ ئەۋزەل ئەمەلنىڭ يوقلۇقىغا ئىتتىپاققا كەلگەن. ئۇ ھەجدىنمۇ، نەپلە روزا، نەپلە نامازدىنمۇ ئەۋزەلدۇر. الله تائالا يولىدا رىباتتا تۇرۇش – مەككە - مەدىنە ۋە قۇددۇسقا قوشنا بولۇپ ئورۇنلاشقاندىنمۇ ئەۋزەلدۇر».①

## 2. جىھاد – شەخس ۋە ئۈممەتنىڭ ھاياتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَجِيبُوا لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمْ لِمَا يُحْيِيكُمْ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ يَحُولُ بَيْنَ الْمَرْءِ وَقَلْبِهِ وَأَنَّهُ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، الله كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ). (قىيامەت كۈنى) سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر».②

ئەللامە ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

– ۋاھىدى مۇنداق دەيدۇ: «كۆپىنچە ئالىملار الله تائالانىڭ: <سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان> دېگەن سۆزىنى جىھاد دەپ تەپسىر قىلغان. مانا بۇ ئىبنى ئىسھاقنىڭ ۋە كۆپلىگەن مۇپەسسىرلەرنىڭ تاللىشى».

– ئىمام فەررا رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ <ئەگەر الله تائالا

---

① ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مجموع الفتاوى» كىتابى 28- توم 418- بەت.

② سۈرە ئەنفال 24- ئايەت.

سىلەرنى دۈشمەنگە قارشى جىھادنى تىرىلدۈرۈشكە چاقىرسا، يەنى جەڭ ۋە جىھادنى كۈچەيتىشكە چاقىرسا» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر جىھادنى تاشلىسا كۈچى ئاجىزلايدۇ، دۈشمەنلىرى جۈرئەتلىنىدۇ».

– مەن (ئىمام ئىبنى قەييىم) مۇنداق دەپ قارايمەن: جىھاد ئۇلارنىڭ دۇنيا، قەبرە ۋە ئاخىرەتتىكى ھاياتىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ ئەڭ چوڭى. دۇنيادا جىھاد ئارقىلىق دۈشمەنلەرگە بولغان كۈچ ۋە غەزەپ ئاشكارا بولىدۇ. قەبرە ھاياتى توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ﴾ «الله نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)».[1] ئاخىرەتتە بولسا مۇجاھىد ۋە شەھىدلەرنىڭ نېسىۋىسى باشقىلارنىڭكىدىن زور بولىدۇ.

– ئىبنى قۇتەيبە مۇنداق دەيدۇ: «<سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان> دېگىنى شەھىدلىكتۇر».[2]

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ: <سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان> دېگەن سۆزى جىھادنى كۆرسىتىدۇ چۈنكى ئۇ رېئاللىقتىكى ھاياتلىقنىڭ سەۋەبى. دۈشمەننى ئۆلتۈرمىسە دۈشمەن ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈشتە ئۆلۈم بار، جىھادتىكى ئۆلۈم بولسا ئەبەدى بىر

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 169- ئايەت.

[2] ئىبنى قەييىمنىڭ «الفوائد» كىتابى 88- بەت.

ھاياتقا ئۇلاشتۇرىدۇ. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ﴾ <ﷲ نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ﷲ نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)[1]>».[2]

## 3. جىھاد – ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق يولى، ئۇنى تاشلاش خارلىق ۋە زەبۇنلۇق

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر جازانە تىجارەتلىرىگە بېرىلىپ، كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىپ، تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ جىھادنى تاشلاپ قويساڭلار، ﷲ سىلەرگە خارلىقنى يۈكلەپ قويىدۇ. تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە ﷲ ئۇ خارلىقنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ».[3]

ئەللامە شەۋكانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خارلىقنىڭ سەۋەبى (ﷲ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!) ئۇلار ﷲ يولىدىكى جىھادنى تاشلاپ قويغانلىقى بولۇپ، جىھاد – ئىسلامنىڭ ئىززىتى ۋە باشقا دىنلار

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 169- ئايەت.

[2] قۇرتۇبىنىڭ «الجامع لأحكام القرآن» كىتابى 7- توم 341- بەت.

[3] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇستىدىن بولغان غەلىبىسى ئىدى (اﷲ تائالا ئۇلارنى خارلىقتىن قۇتقۇزسۇن!). ئەمما ئۇلار ئىززەتكە سەۋەب بولىدىغان ئات مىنىشنىڭ ئورنىغا كالا پادىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ‹دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە› دېگەن سۆزىدە يېتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش بار بولۇپ، ۋاھالەنكى جىھادنى تەرك ئېتىش دىندىن يىراقلاشقانلىق بولاتتى».[1]

مەن ئېيتىمەنكى، ئۇممەتنىڭ رېئاللىقى ئەڭ ياخشى شاھىد. بۈگۈن ئۇممەت جىھادنى تەرك ئەتكەنلىك سەۋەبلىك دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن قاتتىق خورلىنىدىغان نەقەدەر ئەرزان بىر ئۇممەتكە ئايلىنىپ قالدى، پۈتكۈل دۇنيادىكى تالاپەت ۋە پاجىئەلەر بىزگە كەلدى. اﷲ تائالا قىيامەت كۈنىگىچە پېشانىسىگە خارلىقنى پۈتۈۋەتكەن ئەڭ خار ۋە قورقۇنچاق يەھۇدىيلارمۇ مۇقەددەساتلىرىمىزنى ئىشغال قىلىپ، پەلەستىندە قېنىمىزغا ۋە يۈز - ئابرۇيىمىزغا خالىغانچە تاجاۋۇز قىلىشتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئەلۋەتتە شەرىئەتتىن يىراقلاشقانلىقىمىز ھەمدە ئىززىتىمىز ۋە غەلىبىمىزنىڭ يولى بولغان جىھادنى تاشلاپ قويغانلىقىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## 4. جىھاد – زىيانسىز تىجارەت

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ۞ يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ

[1] شەۋكانىنىڭ «نيل الأوطار» كىتابى 5- توم 268- بەت.

وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ ذَٰلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ ۞ وَأُخْرَىٰ تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِّنَ اللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ ۞﴾ «ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ [10]. اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن ئىمان ئېيتقايسىلەر، اللە نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر [11]. (شۇنداق قىلساڭلار) اللە سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر [12]. سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېئمەت اللە تىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى) دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۆئمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگىن [13]».①

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللە تائالا ئۆز يولىدا جىھاد قىلىپ ۋە سۆزىنى تەستىقلاپ چىققان كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋە ياكى ئۇنى ئۆيىگە ئەجىر ياكى غەنىيمەت بىلەن قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلدى».②

ئەللامە ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

① سۈرە سەف 10- ئايەتتىن 13- ئايەتكىچە.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

– جىھادقا قىزىقتۇرۇش، جىھاد ئەھلىنى مەدھىيىلەش ھەمدە ئۇلار ئۈچۈن رەببىنىڭ دەرگاھىدا ھەرخىل ئىززەت ۋە كاتتا مۇكاپاتلار بارلىقى ھەققىدە روشەن ئايەتلەر كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ھەم كۆپلىگەن مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر كەلگەن. بۇ ھەقتە الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزى يېتەرلىك: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟». ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللەھلەرنىڭ رەببى ئىشارەت قىلغان بۇ پايدىلىق تىجارەتكە قەلبلەر ئىشتىياق باغلايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ﴾ «الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر».

ئەگەر قەلبلەر ئۆزىنىڭ دۇنيا ھاياتلىقىغا كۆڭلى تارتىپ ۋە دۇنيا ھاياتىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىسا، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر». يەنى «جىھاد سىلەرنىڭ دۇنيا ھاياتى ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشنى دەپ جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغىنىڭلاردىن ياخشىدۇر».

ئەگەر قەلبلەر: «جىھاد قىلساق بىزگە نېمە پايدىسى بار؟» دەپ ئويلىسا، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ﴾ «(شۇنداق قىلساڭلار) الله سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ». مەغپىرەت بىلەن بىرگە ﴿وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ

تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر».

ئەگەر قەلبلەر: «بۇ ئاخىرەتلىك ئىكەن، دۇنيادا بىزگە نېمە پايدىسى بار؟» دەپ ئويلىسا، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأُخْرَى تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِّنَ اللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېئمەت الله تىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىشى) دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۇئمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن». قاراڭ، بۇ سۆزلەر نەقەدەر گۈزەل، قەلبلەرگە نەقەدەر يېقىملىق - ھە؟! ئۆز رەببى تەرىپىگە مەپتۇن بولۇش، مۇھەببىتىنىڭ قەلبتىكى شېرىن تۇيغۇسى، مەنىلىرىنى بىۋاسىتە ھېس قىلغاندىكى قەلبنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە خۇرسەنلىكى نەقەدەر گۈزەل - ھە؟! الله تائالانىڭ پەزلىدىن سورايمىزكى، ئۇ سېخىي ۋە كەرەملىك زاتتۇر.[1]

## 5. جىھاد – الله تائالا ئۇ ئارقىلىق گۇناھلارنى كەچۈرىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ﴾ «شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ».[2]

[1] ئىبنى قەييىمنىڭ «طريق الهجرتين» كىتابى 1- توم 526- بەت.

[2] سۈرە ھۇد 114- ئايەت.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرەر يامان ئىش قىلىپ سالساڭ، ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى ئەگەشتۈرگىن، ئۇ ياخشىلىق يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ».[1]

اللہ تائالا يولىدىكى جىھاد – ئەڭ چوڭ ياخشىلىقتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد – اللہ تائالانىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ھېسابلىنىدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللا مۇنداق دەيدۇ: «كىمنىڭ گۇناھى كۆپ ۋە چوڭ بولسا ئۇنىڭ دورىسى جىھادتۇر، اللہ تائالا ئۆز كىتابىدا: ﴿يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ﴾ <(شۇنداق قىلساڭلار) اللہ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ> دەپ خەۋەر بەرگىنىدەك، اللہ تائالا جىھاد سەۋەبلىك ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ.

كىمكى ھارامدىن (يەنى ھارام مالدىن) قۇتۇلۇپ تەۋبە قىلاي دېسە ئەمما ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇش مۇمكىن بولمىسا، ئۇ مالنى مال ئىگىلىرى ھەققىدە اللہ يولىدىكى جىھادقا چىقىم قىلىۋەتسۇن! مانا بۇ، جىھادنىڭ ئەجرىنى ئېلىش بىلەن بىرگە، شۇ مالنىڭ ھەققىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشى يولى. يەنە شۇنىڭدەك، كىمكى ئۆزىنىڭ جاھىلىيەت داۋالىرى ۋە تەرەپبازلىق سەۋەبلىك قىلىپ قويغان گۇناھلىرىنى اللہ تائالانىڭ كەچۈرۈشىنى خالىسا ئۇ كىشى جىھاد قىلسۇن!»[2]

## 6. اللہ تائالا يولىدىكى جىھاد غەم - قايغۇلارنى كەتكۈزىدۇ

[1] تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مجموع الفتاوى» كىتابى 28- توم 421- بەت.

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللە يولىدا جىهاد قىلىڭلار، اللە تائالا يولىدىكى جىهاد ھەقىقەتەن جەننەت ئىشىكلىرىدىن بولغان بىر ئىشىك بولۇپ، اللە تائالا ئۇ ئارقىلىق غەم - قايغۇلارنى كەتكۈزىدۇ».①

ئەللامە ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللا مۇنداق دەيدۇ: «جىهادنىڭ غەم - قايغۇلارنى كەتكۈزىشى ھەربىر ۋىجدانلىق ئادەمگە مەلۇم، چۈنكى ئىنسان قاچانىكى باتىل تاجاۋۇزچىنىڭ زۇلۇمى ۋە تاجاۋۇزىغا جاۋاب قايتۇرمىسا، ئۇنىڭ غەم - قايغۇسى، جاپا - مۇشەققىتى ۋە ئەندىشىسى كۈچىيىشكە باشلايدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭغا قارشى جىهاد قىلسا، اللە تائالا ئۇ غەم - قايغۇلارنىڭ ئورنىغا خۇشاللىق، جاسارەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَاتِلُوهُمْ يُعَذِّبْهُمُ اللَّهُ بِأَيْدِيكُمْ وَيُخْزِهِمْ وَيَنْصُرْكُمْ عَلَيْهِمْ وَيَشْفِ صُدُورَ قَوْمٍ مُؤْمِنِينَ ۞ وَيُذْهِبْ غَيْظَ قُلُوبِهِمْ وَيَتُوبُ اللَّهُ عَلَى مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ۞﴾ <ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، اللە ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. اللە ئۇلارنى خار قىلىدۇ، اللە سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۇئمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ [14]. ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ. اللە خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. اللە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [15]>.②

---

① ئەھمەد ۋە تەبرانى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② سۈرە تەۋبە 14-، 15- ئايەتلەر.

قەلب ئاجىزلىقى ۋە غەم - قايغۇنى كەتكۈزۈشتە جىھادتىنمۇ ياخشى ئەمەل يوق، اللە تائالا ئۆزى ياردەم بەرسۇن!»①

## 7. جىھادنى تاشلاش – ھالاكەت ۋە پىتنە

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «اللە نىڭ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى اللە ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ».②

ئەسلەم ئەبۇ ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز قۇستانتىنىيىنى مەقسەت قىلىپ چىققان ئىدۇق، جامائىتىمىزنىڭ ئەمىرى ئابدۇراھمان ئىبنى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىدى، رۇملۇقلار ئۆزىنىڭ ئارقىسىنى شەھەر تېمىغا قىلىپ تۇرۇۋالدى، توساتتىن بىر كىشى يالغۇز دۈشمەن سېپىگە ھۇجۇم قىلىپ بۆسۈپ كىرىپ كەتتى، كىشىلەر: «ھوي، ھوي... لا إله إلا لله... ئۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىدى» دېيىشتى، بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى مۇنداق دېدى: «بۇ ئايەت بىز ئەنسارىلار ھەققىدە نازىل بولغان. اللە تائالا پەيغەمبىرىگە نۇسرەت بېرىپ ئىسلامنى غالىب قىلىۋېدى، بىز: ‹ئەمدى مال - مۈلكىمىزنى پەرۋىش قىلىپ، مال - ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىۋالايلى› دېيىشتۇق، اللە تائالا شۇ چاغدا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وَأَنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا

① ئىبنى قەييىمنىڭ «زاد المعاد» كىتابى 4- توم 185- بەت.

② سۈرە بەقەرە 195- ئايەت.

﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ ‹الله نىڭ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ› .[1] دېمەك، ‹ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش› بىزنىڭ مال - دۇنيانى كۆپەيتىشكە بېرىلىپ جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكىمىز ئىدى».

ئەبۇ ئىمران مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە جىھاد قىلىپ ھەتتا قۇستانتىنىيەگە دەپنە قىلىندى».[2]

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى الله تائالانىڭ يەر يۈزىدىكى پىتنىنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن بۇيرۇغان جىھادنى تەرك قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قەلبى جىھادقا نىسبەتەن شەك ۋە ئاجىزلىق پەيدا بولۇش ھەمدە الله تائالا بۇيرۇغان جىھادنى تاشلاپ قويۇش قاتارلىق يامان ئىللەتلەر بىلەن پىتنىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ! بۇ تولىمۇ خەتەرلىك بىر مەسىلە بولۇپ، كىشىلەر بۇ مەسىلىدە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ:

بىر قىسمى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ، ئۆزى دەۋا قىلغان «پىتنە»نى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىپ ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە چوڭ بىر پىتنە. ئۇلار خۇددى خاۋارىجلارغا ئوخشاش ئۇممەت ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن پىتنىلەر ئىچىدە ئۇرۇش

---

[1] سۈرە بەقەرە 195- ئايەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىلغۇچىلاردۇر.

يەنە بىر قىسمى، ‹پىتنىگە چۈشۈپ قالىمىز› دەپ ‹ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدىغان ۋە الله تائالانىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىدىغان جىهاد›نى تەرك ئېتىشىدۇ لېكىن ئۇلار بۇ قاراشلىرىدا ئاللىبۇرۇن پىتنىگە چۈشۈپ بولغان بولىدۇ».[1]

[1] ئىبنى تەيمىيەنىڭ «الاستقامة» كىتابى 2- توم 289- بەت.

# جىھادنىڭ ھەقىقەتلىرى

## 1. اللہ تائالا يولىدىكى جىھادنىڭ بۈيۈك نىشانى ۋە ئالىي غايىسى

ئىسلامدىكى جىھادنىڭ نىشانلىرى ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ، بۈگۈنكىدەك تەسلىمچىلىك كۆپىيىپ كەتكەن بىر دەۋردە دۈشمەنلەر جىھادنى نوقۇل بىر نىشانغىلا قىسقارتىپ قويۇشتى، ئۇ بولسىمۇ «تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش» ۋە بەزى تەسلىمچىلەر دەۋا قىلغاندەك «دەۋەتكە مەيدان ھازىرلاش». شۇ سەۋەبلىك ئۇ تەسلىمچىلەر ھەرقانداق قىينچىلىقتا ۋە خارلىقتا بويۇن ئېگىشتى، مەنسۇخ ئايەتلەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپ، روشەن دەلىللەرنى كاپىرلارنىڭ غەرب پىكىرلىرىگە ماسلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ كەلدى. اللہ تائالا يولىدىكى جىھادنىڭ ئەڭ بۈيۈك نىشانى ۋە ئاساسى قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئوچۇق بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ فَإِنِ انْتَهَوْا فَإِنَّ اللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾ «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي اللہ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، اللہ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ».[1]

اللہ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَاتِلُوا الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَلَا بِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حَتَّى يُعْطُوا الْجِزْيَةَ عَنْ يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ﴾ «سىلەر ئەھلى كىتابتىن اللہ قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى اللہ

[1] سۈرە ئەنفال 39- ئايەت.

نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانلىقنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) هارام قىلغان نەرسىلەرنى هارام بىلمەيدىغانلار ۋە هەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار هالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار». ①

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن تاكى ئىنسانلار ‹بىر الله تىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى› دەپ گۇۋاهلىق بەرگەنگە، ناماز ئوقۇغانغا ۋە زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، قانلىرىنى ۋە مال - مۈلكىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ ئەمما پەقەت ئىسلامنىڭ هەققى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ②، ئۇلارنىڭ (ئىچكى سىرلىرىنىڭ) هېسابىنى الله ئالىدۇ». ③

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى الله نىڭ رەسۇلى، بەزىلەر ئاچچىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر گۇرۇهۋازلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلىدۇ، قايسىسى الله تائالا يولىدىكى ئۇرۇش هېسابلىنىدۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

---

① سۈرە تەۋبە 29- ئايەت.

② يەنى قان تۆكۈشكە ئوخشاش گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، ئىسلامنىڭ هەققى - هۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

«كىمكى اللّٰە تائالانىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ اللّٰە تائالا يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دېدى.[1]

«اللّٰە تائالانىڭ كەلىمىسى زېمىندا ئالىي بولىدى» دېگەنلىك، «اللّٰە تائالانىڭ شەرىئىتى ھەممىگە ھاكىم ۋە ھەممىنى كونترول قىلىدى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ياكى ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىغا كىرىپ (يەنى جىزيە تۆلەپ) ھەمدە كۇفرى ھۆكۈمرانلىقى ۋە دۆلىتىنى يوقىتىش ئارقىلىق بولىدۇ. مانا بۇ، اللّٰە تائالا يولىدىكى جىھادنىڭ تۈنجى نىشانى بولۇپ، مۇشۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئىسلام قوشۇنلىرى جەڭ قىلىپ كەلدى.

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرەر قوشۇنغا ياكى بىرەر جامائەتكە ئەمىر بېكىتسە، شۇ كىشى ھەققىدە اللّٰە تائالاغا تەقۋادار بولۇشقا، قوماندانلىقى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تەۋسىيە قىلاتتى. ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «اللّٰە يولىدا اللّٰە نىڭ نامى بىلەن غازات قىلىڭلار! اللّٰە قا كاپىر بولغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار، خىيانەت قىلماڭلار، دۈشمەن جەسەتلىرىنىڭ ئەزالىرىنى كەسمەڭلار، كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار.

ئەگەر مۇشرىكلاردىن بولغان دۈشمىنىڭگە ئۇچراشساڭ ئۇلارنى ئۈچ شەرتكە چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار قايسى بىرىگە كۆنسە، ئۇلاردىن قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇرۇشتىن قولۇڭنى يىغقىن.

ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغىن، ئەگەر ئۇلار كۆنسە ئۇلاردىن

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قوبۇل قىلغىن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن مۇھاجىرلارنىڭ يۇرتلىرىغا ھىجرەت قىلىشقا چاقىرغىن ۋە ئۇلارغا شۇنى خەۋەر قىلىپ قويغىنكى، ئەگەر ئۇلار ئورۇندىسا مۇھاجىرلارغا بېرىلگەن ھەق - ھوقۇق ئۇلارغىمۇ بېرىلىدۇ ۋە مۇھاجىرلارغا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەت ئۇلارغىمۇ يۈكلىنىدۇ؛ ئەگەر ھىجرەت قىلىشنى رەت قىلسا شۇنى جاكارلىغىنكى، اﷲ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە ئىجرا بولۇۋاتقان ھۆكۈمى ئۇلارغىمۇ ئوخشاش ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇلار ئەگەر مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە جەڭ قىلمىسا، غەنىيمەت ۋە ئولجىدىن نېسىۋىسى بولمايدۇ.

ئەگەر ئۇلار بۇ شەرتلەرنى رەت قىلسا ئۇلارنى جىزيە تۆلەشكە بۇيرۇغىن! ماقۇل كۆرسە ئۇلاردىن قوبۇل قىلىپ، ئۇرۇشتىن قولۇڭنى يىغقىن؛ ئەگەر ئۇلار بۇنىمۇ رەت قىلسا، اﷲ تائالادىن ياردەم تىلەپ، ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلغىن».[1]

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خەيبەر توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «سەن ئۇلارنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغىن ۋە ئىسلامدىكى ئۇلارغا ۋاجىب بولىدىغان اﷲ نىڭ ھەققىنى جاكارلا! اﷲ بىلەن قەسەمكى، اﷲ نىڭ سېنىڭ قولۇڭ بىلەن بىر ئادەمنى ھىدايەت قىلىشى ساڭا نىسبەتەن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىدۇر».[2]

رەبىئە ئىبنى ئامىرنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇستەمنىڭ يېنىغا

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەۋەتكەندە، رۇستەم ئۇنىڭغا: «نېمىشقا كەلدىڭلار؟» دېدى. رەبئە: «اللہ تائالا بىزنى كىشىلەرنى مەخلۇقلارنى مەخلۇققا ئىبادەت قىلىشتىن خالىققا ئىبادەت قىلىشقا، دۇنيانىڭ تارچىلىقىدىن كەڭچىلىكىگە، باتىل دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىشقا ۋە ئۆز دىنى ئارقىلىق خەلقنى دىنغا دەۋەت قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەۋەتتى، كىمكى بىزدىن شۇنى قوبۇل قىلسا، بىزمۇ ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىمىز ۋە ئۇنى ئۆز ھالىغا قويىمىز. ئۇ ئۆز زېمىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. ئەگەر كىمكى رەت قىلىدىكەن، اللہ تائالانىڭ ۋەدىسىگە يەتكىنىمىزگە قەدەر ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز!»دېدى، رۇستەم: «اللہ تائالانىڭ ۋەدىسى نېمە؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇ: «باش تارتقان كىشىگە قارشى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۈچۈن جەننەت، ھايات قېلىپ قالغان كىشى ئۈچۈن غەلىبە!» دەپ جاۋاب بەردى.[①]

## 2. ئىلىم ۋە جىھاد

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ وَأَنْزَلْنَا الْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ وَرُسُلَهُ بِالْغَيْبِ إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾ «بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە <ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن> دەپ كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان،

① ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» كىتابى 7- توم 39- بەت.

تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار. اللّٰه، اللّٰه نى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) اللّٰه قا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى). اللّٰه ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر».[1] اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە ئىلىم بىلەن جىھادنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەمدە بۇ دىنىنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ ئىلىم ۋە جىھادقا باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ دىنىنىڭ چوقۇم غالىب بولىدىغانلىقىنى ھەمدە پۈت دەسسەپ تۇرۇشىدا ئىلىم ۋە جىھادتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ئوپئوچۇق بايان قىلدى.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھەق دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن توغرا يولغا باشلايدىغان كىتاب ۋە نۇسرەتكە سەۋەب بولىدىغان قىلىچ بولۇشى لازىم».[2] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «دىن – كىتاب، مىزان ۋە تۆمۈر بىلەن پۈت دەسسەپ تۇرالايدۇ. كىتاب توغرا يولغا باشلىسا، تۆمۈر نۇسرەتكە سەۋەب بولىدۇ».[3]

ئەللامە ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى توغرا يولغا باشلايدىغان كىتاب بىلەن مەۋجۇت بولغان ھەمدە ئۇنى تارىختىن بۇيان قىلىچلار ئىجرا قىلىپ كەلگەن.

ئۇ پەقەت ۋەھيىدۇر يا ئۆتكۈر تۆمۈر،

---

[1] سۈرە ھەدىد 25- ئايەت.

[2] ئىبنى تەيمىيەنىڭ «منهاج السنة النبوية» كىتابى 1- توم 531- بەت.

[3] ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مجموع الفتاوى» كىتابى 35- توم 36- بەت

گۇمران قىپ بېسىدا بارچە تاغۇتنى.

ھەرقانداق ئاقىلغا شىپالىق مەلھەم،

جاھىلدىن ھەم پاكلاپ يامان ئىللەتنى». [1]

ئىلىم يولنى يورۇتۇپ بەرسە، جىھاد ئۇنى كېڭەيتىپ، ئەگرى - توقايلىق ۋە توسالغۇلارنى يوق قىلىدۇ؛ ئىلىم قەلبنى نۇرلاندۇرسا، جىھاد ئۇنىڭدىن ھاۋايى - ھەۋەس ۋە سەركەشلىكنىڭ پەردىسىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. خۇددى ئەمەلسىز ئىلىمدە ياخشىلىق بولمىغىنىدەك، ئىلىمنى ئاساس قىلمىغان جىھادتىمۇ بەرىكەت بولمايدۇ. ئىلىمسىز ۋە مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلمايدىغان مۇجاھىد قاراڭغۇ كېچىدە تىكەنلەرگە توشقان يولدا ماڭغان كىشىگە ئوخشايدۇ، جىھادنىڭ بۈيۈكلىكىنى بىلمىگەن ۋە ئۈممەتنىڭ مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمىگەن ئالىم كىتاب يۈدۈۋالغان ئېشەككە ئوخشايدۇ.

الله تائالا خۇددى رىزىقلارنى تەقسىم قىلغاندەك، ئەمەللەرنىمۇ تەقسىم قىلىپ قويغان. الله تائالا ئىلىم بەرگەن كىشى – پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسىدۇر. ئەگەر بىر كىشى ۋاجىب جىھادنى ئورۇنداپ ھەقكە ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇ ھەققىدە ياخشى گۇماندا بولىمىز. الله تائالا بىرەر كىشىنى جىھادقا مۇيەسسەر قىلىپ ئىسلامنىڭ چوققىسىدىن ئورۇن بەرگەن بولسا ۋە روشەن دەلىل ئۈستىدە جىھاد قىلىپ، ۋاجىب ئىلىمغا ھەم سەل قارىمىغان، ئىلىم بىلەن جىھادنى ئۆزىدە جەملىگەن بولسا، نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلغان بولىدۇ، مانا بۇ الله تائالانىڭ پەزلى بولۇپ، الله

---

[1] ئىبنى قەييىمنىڭ «هداية الحيارى» كىتابى 1- توم 10- بەت.

تائالا ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ.

خۇددى مۇجاھىدتىن تېكىست ۋە دەلىللەرنى يادلاش تەلەپ قىلىنمىغاندەك، ئالىمدىنمۇ ئالدىنقى سەپلەردىن ئايرىلماي جىھاد قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. جىھاد ۋە ئىلىمنىڭ بەزى تۈرلىرى ۋاجىب بولسا، بەزى تۈرلىرى ۋاجىب ئەمەس. ئۈممەت مۇجاھىدلارغا ئېھتىياجلىق بولغىنىدەك، ئالىملارغىمۇ ناھايىتى ئېھتىياجلىق. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنْفِرُوا كَافَّةً فَلَوْلَا نَفَرَ مِنْ كُلِّ فِرْقَةٍ مِنْهُمْ طَائِفَةٌ لِيَتَفَقَّهُوا فِي الدِّينِ وَلِيُنْذِرُوا قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوا إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾ «مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىني ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن قەۋمىنىڭ اللّٰه تىن قورقۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟».[1]

خۇددى ئالىملارغا نىسبەتەن مۇجاھىدلارنىڭ ياخشى گۇماندا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشى ۋاجىب بولغىنىدەك، ئالىملارنىڭمۇ مۇجاھىدلارغا ياردەم بېرىشى ۋە گۈزەل ئۇسلۇبتا نەسىھەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا باغلىنىشنىڭ بولماسلىقى – يولدىن ئېزىش ۋە خاتالىششقا سەۋەب بولىدۇ.

## 3. جىھادنىڭ ئۇنۇملۇك مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش

[1] سۈرە تەۋبە 122- ئايەت.

جىھاد قىيامەتكىچە داۋام ئېتىدۇ، ئۇنى ھېچنەرسە يوقىتالمايدۇ ۋە بۇزۇۋېتەلمەيدۇ. جىھادنىڭ كۆزلەنگەن مەنپەئىتىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت ۋە شارائىتقا قاراپ ئورۇنداش كېرەك. مۇشۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئۇ ئالدىن كۆرەرلىككە ئېھتىياجلىق ئىجتىھادىي مەسىلە.

بەزىدە شەرت - شارائىت جىھادنىڭ مەنپەئىتىنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ ياكى زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. بەزىدە جىھادنى كېچىكتۈرۈپ، كەينىگە سۈرۈپ تۇرۇشتا مەنپەئەت تۇغۇلىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ زەئىپلىكىگە ئوخشاش ئېھتىياج ۋە مەنپەئەت سەۋەبلىك الله تائالا تىنچلىق كېلىشىمىنى يولغا قويغان.

مانا شۇنىڭدەك، جىھادىي ئەمەلىيەت بولسا مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئورۇنداشتىن ئىلگىرى قاتتىق ئويلىنىشقا ۋە كېيىن كېلىدىغان پايدا - زىياننى مۆلچەرلەشكە ئېھتىياجلىق. بۇ ئەلۋەتتە ھەربىر ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى بولماستىن، پەقەت يىراقنى كۆرەر، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش قابىلىيىتى بار، تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ بۇرچى. بىر رايونغا ماس كەلگەن سىياسەت يەنە بىر رايونغا ماس كەلمەيدۇ، بىر ۋاقىتقا ماس كەلگىنى يەنە بىر ۋاقىتقا ماس كەلمەيدۇ.

بىز سۆزلىگەن يۇقىرىقى تېمىغا تۆۋەندىكى ھەدىس ھەم دالالەت قىلىدۇ. ئىبراھىم تەيمىي ئۆز دادىسىنىڭ سۆزىنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز ھۇزەيفىنىڭ يېنىدا ئىدۇق، بىر كىشى:

— ئەگەر مەن پەيغەمبەر ﷺ نى تاپسام، ھەرقانداق خىيىم - خەتەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلغان بولاتتىم، —

دېدى. ھۇزەيفە ئۇنىڭغا:

– سەن راستىنلا شۇنداق قىلامسەن؟ بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئەھزاب كېچىسى بىللە ئىدۇق، ئۇ كېچىسى جاندىن ئۆتكۈدەك بورانلىق ۋە سوغۇق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

– كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىدىغان ئادەم يوقمۇ؟ الله تائالا ئۇ كىشىنى قىيامەتتە مەن بىلەن بىرگە قىلىدۇ! – دېدى. بىزدىن بىرمۇ كىشى جاۋاب قايتۇرمىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە:

– كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىدىغان ئادەم يوقمۇ؟ الله تائالا ئۇ كىشىنى قىيامەتتە مەن بىلەن بىرگە قىلىدۇ! – دېدى. بىزدىن بىرمۇ كىشى جاۋاب قايتۇرمىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە:

– كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىدىغان ئادەم يوقمۇ؟ الله تائالا ئۇ كىشىنى قىيامەتتە مەن بىلەن بىرگە قىلىدۇ! – دېدى. بىزدىن بىرمۇ كىشى جاۋاب قايتۇرمىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى چاقىرىپ:

– ئى ھۇزەيفە، ئورنۇڭدىن تۇر! كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كەل ئەمما ئۇلارغا بىلدۈرمىگىن! – دېدى. مېنى ئىسمىم بىلەن چاقىرغانلىقى ئۈچۈن، قوپۇشتىن باشقا چارە تاپالمىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

– بارغىن، كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كەل ئەمما ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويما! – دېدى. مەن خۇددى مۇنچىدا كېتىۋاتقاندەك ئىللىقلىق ئىچىدە مېڭىپ دۈشمەننىڭ قېشىغا كەلدىم. مەن ئەبۇ سۇفياننىڭ ئوت بىلەن ئىسسىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر تال ئوقنى ياچاققا قويۇپ، ئۇنى ئاتماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ «ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويما» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ ئوق ئېتىشتىن ۋاز كەچتىم. ئەگەر ئاتقان بولسام نەق

تەگكۈزگەن بولاتتىم. لېكىن مەن قايتىپ كېتىپ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ غا يەتكۈزدۈم.[1]

ھەدىستىن شۇ چىقىپ تۇرۇپتىكى، ئەبۇ سۇفيان گەرچە مۇشرىكلارنىڭ رەئىسى ۋە قوماندانى بولسىمۇ، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى ئۆلتۈرگەننىڭ پايدىسى يوق ئىدى چۈنكى ئۇنى ئۆلتۈرسە زىيان كېلەتتى. يەنى باشلىنىشىدا مەنپەئەت بولمىغان جەڭنىڭ باشلىنىپ كېتىشى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەسۇلۇللاھ ﷺ «ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويما» دېگەن ئىدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەنگە قەدەر ھېچ ئىش قىلما» دېگەن ئىدى.[2]

بىز بۇ ھەدىسكە ئېتىبار بېرىشىمىز ۋە «قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويۇشى» لازىم، يەنى ئىشلارنى ئەھلى ئىلىم ۋە مۇجاھىدلاردىن ئىبارەت ئۆز ئەھلىگە قايتۇرۇشىمىز ۋە نەتىجىسى پەقەت خاتالىق بىلەن ئاخىرلىشىدىغان باشباشتاقلىقلارنى تاشلىشىمىز كېرەك!

«بەختلىك كىشى باشقىلاردىن ئىبرەت ئالىدۇ». بىز كۆپلىگەن كىشىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. نۇرغۇن كىشىلەر دۈشمەنگە ھېچقانداق زەربە بېرەلمەستىن ۋە تىلغا ئالغۇچىلىك بىرەر ئىش قىلالماستىن پايدىسىزلا تا بۈگۈنگىچە تۈرمىلەردە ياتماقتا. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۆپلىگەن زىيانلار كەلدى ۋە الله تائالا ئۆزى بىلىدىغان، بىز بىلەلمەيدىغان نۇرغۇن

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد رىۋايىتى.

ياخشىلىقلار ئۆزۈلۈپ قالدى. شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ياكى ئورۇن ۋە شەرت - شارائىتقا ماس كەلمىگەن پائالىيەتلەر ۋە ھەرىكەتلەر مۇجاھىدلارنىڭ ئوبرازىنى سەتلەشتۈرۈشكە ھەمدە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا ياردەم بەرمەسلىكى ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىمەسلىكىگە سەۋەب بولدى. مۇجاھىدلارنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا جۇغلىنىشى سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىش بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ مۇ كىشىلەرنىڭ ئۈركۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە لايىق ئىنسانلارنىمۇ ئۆلتۈرمىگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرىدىكەن دەپ يۈرمىسۇن» .① شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزمۇ كىشىلەرنىڭ: «مۇجاھىدلار بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرىدۇ»، «ناھەق قان تۆكىدۇ»، «بايلىقلارنى بۇلاپ - تالايدۇ» دېگەندەك تۆھمەتلىرىگە قېلىشىمىزدىن ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك، شۇبھىسىز ۋە پىتنە - پاساتسىز ھەرىكەتلەر بىزگە يېتەرلىك، ئەلھەمدۇلىللاھ!

## 4. ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَّكُمْ﴾

## «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر».②

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «جىھاد ئىنساننىڭ نەپسىگە ياقمايدۇ. جىھادنى ياقتۇرماسلىقنىڭ سەۋەبى قانداقتۇر اللە تائالا بۇيرۇغان پەرز

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② سۈرە بەقەرە 216- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەين ئىبادەتنى ياقتۇرمىغانلىق سەۋەبىدىن ئەمەس بەلكى جىھاد ئۈچۈن پۇل - مال سەرپ قىلىنىدۇ، ۋەتەنلەردىن ئايرىلىشقا توغرا كېلىدۇ، جەسەتلەر ياربدار بولىدۇ، پۇت - قوللار ئۈزۈلىدۇ ۋە جانلار كېتىدۇ».[1]

مۇجاھىد كىشى رېئاللىقتا تەمترەپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىلىشكە تېگىشلىك جىھادنىڭ ھەقىقىتى بولسا، ئۇ – ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلى، يەنە كېلىپ مۇشەققەتكە تولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇجاھىدلارغا كاتتا مۇكاپات تەييارلىغان، چۈنكى ئەجىر بولسا مۇشەققەتنىڭ مىقدارى بويىچە بولىدۇ. جىھاد بولسا ئويۇن - تاماشا، دۇنيالىق پايدا - مەنپەئەت ياكى قىزىل گۈللەرگە پۈركەنگەن يول بولماستىن بەلكى الله تائالا سۆيەتتىلگەندەك «ئىنسانغا ياقمايدۇ». مۇسۇلمان كىشى پەقەت جىھادنىڭ ئاقىۋىتى زور ياخشىلىق ۋە ئەجىر - پەزىلەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَسَى أَن تَكْرَهُواْ شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ﴾ «سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر».[2]

بۈگۈن جىھاد ئەڭ مۇشەققەتلىك بىر دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەكتە. ئىلگىرىكى دەۋردە رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەر بىلەن بىرگە ئىدى ۋە بىرگە جەڭ قىلاتتى. پۈتكۈل ئۈممەت بىرگە جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر بىر ئادەم جىھادقا چىقسا ئۇنىڭ بىلەن ھەمراھلىرى، يېقىنلىرى ۋە قوشنىلىرى ھەم بىرگە تۇراتتى. ئۇلار الله تائالادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايتتى.

---

[1] قۇرتۇبىنىڭ «الجامع لأحكام القرآن» كىتابى 3- توم 38- بەت.

[2] سۈرە بەقەرە 216- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەزىدە تېخى جىھادقا چىقماي قالسا كىشىلەرنىڭ تۆھمەت قىلىشى ۋە يامان گۇمان قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق جىھاد ناھايىتى مۇشەققەتلىك ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە مۇجاھىدلار جىھادنىڭ مۇشەققىتىدىن بەكرەك مۇجاھىدلار سېپىگە قوشۇلۇشتا قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. ئۇ ئائىلىسىدىن ۋە ئۆز دىيارىدىن يەككە - يېگانە غېرىب ھالدا چىقىدۇ، ئۆزىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان ئادەمنىمۇ تاپالمايدۇ، مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشىمۇ بىر مەسىلە. جىھاد مەيدانىدىن قايتىپ كېلىشى تېخىمۇ قىيىن بولۇپ، ئەگەر پاش بولۇپ قالسا بىر ئۆمۈر تۈرمىدە يېتىشى ياكى دۇنيادا ئېغىر كۈلپەتلەرگە دۇچار بولۇشى مۇمكىن.

## 5. تەييارلىق قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى

اللە تائالا مۇئمىن بەندىلىرىنى تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇلارغا سەۋەبلەرنى تۇتۇشنى ۋاجىب قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇممەت ئۆز ھەيۋىسىنى تېپىپ، دۈشمەنلىرىنى قورقىتىدۇ ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئۈمىدلىرى ئۈزۈلىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن اللە نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، اللە تونۇيدۇ. سىلەرنىڭ اللە

يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)».[1]

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللا مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه تائالا ئۇلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا تاقەت ۋە ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە يېتەرلىك جەڭ ئەسلىھەلىرىنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى».[2]

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ تاشلىۋەتكەن بولسا ئۇ بىزدىن ئەمەس».[3]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنتۇپ قالسا، نېئمەتكە تانغان بولىدۇ».[4] شەۋكانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇ ھەدىستە ئەگەر بىر كىشى اللّٰه تائالا يولىدىكى جىھادقا مەنپەئەتلىك جەڭ تۈرلىرىدىن بىرەر تۈرنى بىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەل قاراپ تاشلىۋەتسە قاتتىق گۇناھكار بولىدىغانلىقى ئاشكارا ئۇقتۇرۇلغان، چۈنكى ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك جىھاد بۇيرۇقىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك بولىدۇ، جىھادقا كۆڭۈل بۆلمەسلىك دىنغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكتىن

[1] سۈرە ئەنفال 60- ئايەت.

[2] «تفسير ابن كثير» 2- توم 424- بەت.

[3] مۇسلىم رىۋايىتى.

[4] بەززار ۋە تەبرانى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دېرەك بېرىدۇ، چۈنكى ئۇ دىنىنىڭ چوققىسى ھەمدە دىن ئۇنىڭ بىلەن پۈت دەسسەپ تۇرالايدۇ».①

خۇددى اللّٰه تائالانىڭ: ﴿مَّا اسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ﴾ «قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى» دېگىنىدەك، تەييارلىق قىلىشتا چەكتىن ئېشىشقا ۋە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشى ۋە ھەر ۋاقىت جىھادقا تەييار تۇرۇشى، خۇسۇسەن ھازىرقىدەك ئەتراپىمىزنى دۈشمەنلەر قورشىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرى ۋە مۇقەددىساتلىرى تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىكى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ تولىمۇ زۆرۈر.

ئەگەر تەييارلىق مۇشۇ ۋاقىتتا ۋاجىب بولمىسا، قىيامەتكىچە ۋاجىب بولمايدۇ! دۈشمىنىمىزگە ئوخشاش كۈچ - قۇۋۋەت ۋە قورال - ياراق بولغانغا قەدەر كۈتۈپ ئولتۇرۇپ جىھاد ۋە غازات قىلماسلىقىمىزنىڭ ئۆزى جىھادنى يوق قىلىۋەتكەنلىك. مۇسۇلمانلار تارىختىن بۇيان قاچان ساندا ۋە تەييارلىقتا دۈشمەنلەر بىلەن تەڭ بولالىغان؟!... ئىسلامدىكى شىددەتلىك جەڭلەر، خۇسۇسەن ئاۋۋالقى ئەسىرلەردە ھەتتا جىھادىي تەلەپتە (يەنى پەرز كۈپايە جىھادىدا) ھەم مۇسۇلمانلار سان ۋە تەييارلىقتا دۈشمەندىن ئاز بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنى غازات ۋە جىھادتىن ھېچنەرسە توسۇپ قالالمىغان. تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئازات قىلىش بولسا ئەلۋەتتە ھېچقانداق شەرت كەتمەيدىغان قوغدىنىش جىھادى (يەنى پەرز ئەين جىھادى) بولۇپ، بارچە يوللۇق ۋاسىتىلەر بىلەن

---

① شەۋكانىنىڭ «نيل الأوطار» كىتابى 8- توم 163- بەت.

ئورۇندىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. (اللە تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!)

## 6. قوغدىنىش جىھادىغا ھېچقانداق شەرت كەتمەيدۇ

يېڭى مەيدانغا كەلگەن «يېتەكچىلەر» جىھادتىن سۇسلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئورۇندىغان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىپ، جىھادنىڭ شەرئىيلىكىگە شۇبھە تاشلاشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنداق خىتاب قىلماقتا: «ئى مۇسۇلمانلار! جىم يېتىڭلار، دۈشمىنىڭلارغا تەسلىم بولۇڭلار، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى چىقىشتىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىڭلار. ئەگەر سىلەرگە دۈشمەن باستۇرۇپ كەلسە ۋە يۇرتۇڭلارنى بېسىۋالماقچى بولسا، نەرسىلىرىڭلارنى ئۇلارغا تاپشۇرۇڭلار! ھەتتا سىلەرگە سەلىيبي ياكى رافىزىي مەجۇسىيلارنىڭ ئېشەك ھايۋانلىرى بۇيرۇق قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار!»

مانا بۇلار قېرىنداشلىرىمىزنىڭ چېچىنىستان، ئافغانىستان ۋە ئىراقتىكى قىلغان جىھادلىرىنى «ئۇلار نىشانسىز ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ» دېگەن قۇرۇق سەپسەتىلەر بىلەن باتىلغا چىقىرىپ، بۈگۈنكى جىھادنىڭ قوغدىنىش جىھادى ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭغا شەرت كەتمەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتتى ياكى ئۇنتۇلدۇردى.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەننى چېكىندۈرۈش ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. تاجاۋۇزچى دۈشمەننى ئىززەت ۋە دىندىن چېكىندۈرۈش ئالىملارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن ۋاجىب، دىن ۋە دۇنيالىقىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تاجاۋۇزچىنى چېكىندۈرۈش ئىمان ئېيتىشتىن قالسا ئەڭ مۇھىم ۋاجىب بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچبىر شەرت

قويۇلماستىن ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە چېكىنىدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ئالىملارنىڭ پاكىتلىرى بار. زالىم تاجاۋۇزچىنى چېكىندۇرۇش بىلەن ئۇنى ئۆز دىيارىغا ئىزدەپ بېرىشنىڭ پەرقىنى ئايرىش تولىمۇ زۆرۈر».①

ئەللامە ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «قوغدىنىش جىھادىنىڭ جىھادىي تەلەپ (پەرز كۇپايە بولغان جىھاد)كە قارىغاندا يوللىرى كەڭرەك، ۋاجىبلىقى ئومۇمىيراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشىنىڭ چىقىشى ۋە جىھاد قىلىشى پەرز ئەيىن بولىدۇ. قۇل خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىسىز، بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز، قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز جىھادقا چىقىدۇ. بۇ خۇددى ئوھۇد ۋە خەندەك كۈنلىرىدىكى جىھادقا ئوخشايدۇ. بۇنىڭدا دۈشمەنىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولۇشى شەرت ئەمەس چۈنكى مۇشرىكلار ئوھۇد ۋە خەندەك كۈنى مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى، شۇ ھالەتتە ھەم جىھاد ئۇلارغا ۋاجىب بولغان، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا جىھاد ئىختىيارى ئەمەس بەلكى ناھايىتى زۆرۈر ۋە دەپئى (قوغدىنىش جىھادى) بولغان».②

## 7. ماددىي كۈچنىڭ ئەقىدە ۋە ئىماننىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولۇشى

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ قَاتَلَكُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوَلَّوُا الْأَدْبَارَ ثُمَّ لَا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ۞ سُنَّةَ اللَّهِ الَّتِي قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلُ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ اللَّهِ

---

① ئىبنى تەيمىيەنىڭ «الفتاوى الكبرى» كىتابى 5- توم 537- بەت.

② «الفروسية» 188- بەت.

تَبْدِيلًا ﴾ «ئەگەر كاپىرلار سىلەر بىلەن (ھۇدەيبىيىدە) ئۇرۇشسا ئەلۋەتتە ئارقىسىغا قاراپ قاچاتتى، ئاندىن (ئۆزلىرىگە) ھېچ ئىگە ۋە ياردەمچى تاپالمايتتى [22]. بۇ (يەنى كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش، مۇئمىنلەرنى غەلىبە قىلدۇرۇش) اللّٰه نىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ تۇتۇپ كېلىۋاتقان يولىدۇر، اللّٰه نىڭ يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن (يەنى اللّٰه نىڭ تۇتقان يولى ئۆزگەرمەيدۇ) [23]». [1] ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ اللّٰه تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى تەپسىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَوْ قَاتَلَكُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوَلَّوُا الْأَدْبَارَ ثُمَّ لَا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا﴾ «ئەگەر كاپىرلار سىلەر بىلەن (ھۇدەيبىيىدە) ئۇرۇشسا ئەلۋەتتە ئارقىسىغا قاراپ قاچاتتى، ئاندىن (ئۆزلىرىگە) ھېچ ئىگە ۋە ياردەمچى تاپالمايتتى». [2] اللّٰه ئەززە ۋەجەللە ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە بىشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇشرىكلار ئۇلارغا باستۇرۇپ كەلسە اللّٰه تائالا ئەلۋەتتە ئۆز رەسۇلىغا ۋە مۇئمىن بەندىلىرىگە ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىپ، كاپىرلار قوشۇنىنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلىدۇ. <ئاندىن (ئۆزلىرىگە) ھېچ ئىگە ۋە ياردەمچى تاپالمايتتى>، چۈنكى كاپىرلار اللّٰه تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە جەڭ ئېلان قىلدى، اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سُنَّةَ اللَّهِ الَّتِي قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلُ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ اللَّهِ تَبْدِيلً﴾ «بۇ (يەنى كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش، مۇئمىنلەرنى غەلىبە قىلدۇرۇش) اللّٰه نىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ تۇتۇپ كېلىۋاتقان يولىدۇر، اللّٰه نىڭ يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش

[1] سۈرە فەتىھ 22-، 23- ئايەتلەر.

[2] سۈرە فەتىھ 22- ئايەت.

تاپالمايسەن (يەنى اللە نىڭ تۇتقان يولى ئۆزگەرمەيدۇ)».[1]

مانا بۇ، اللە تائالانىڭ مەخلۇقلىرى ئارىسىدىكى قانۇنى ۋە ئادىتى. ئەگەر كۇفرى بىلەن ئىمان بىر ئورۇندا ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل كېلىپ قالسا، اللە تائالا ئىماننى كۇفۇر ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ، ھەقنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، باتىلنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. چۈنكى مۇئمىنلارنىڭ سانى گەرچە مۇشرىكلارنىڭ سانىدىن ئاز ۋە مۇشرىكلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، اللە تائالا مۇئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىپ، مۇشرىكلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ».[2]

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَن يَضُرُّوكُمْ إِلاَّ أَذًى وَإِن يُقَاتِلُوكُمْ يُوَلُّوكُمُ الأَدُبَارَ ثُمَّ لاَ يُنصَرُونَ﴾ «سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا سىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ».[3] ئىمام تەبەرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەرگە يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلار ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلار مەغلۇپ بولىدۇ ۋە سىلەرگە كەينىنى قىلىپ قاچىدۇ. ﴿ثم لاَ يُنصَرُونَ﴾ يەنى <ئى مۇئمىنلەر! اللە تائالا ھەرگىزمۇ ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غالىب قىلمايدۇ>، چۈنكى ئۇلار اللە تائالا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا كاپىر بولغان، سىلەر بولساڭلار پەيغەمبىرىڭلار ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە ئىمان ئېيتقان. اللە ئەززە ۋە

---

[1] سۈرە فەتھ 23- ئايەت.

[2] «تفسير ابن كثير» 4- توم 244- بەت.

[3] سۈرە ئال ئىمران 111- ئايەت.

جەللە ئۇلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ تاشلاپ، سىلەرنى قوللاپ كۈچلەندۈردى. ئى مۆئمىنلەر! مانا بۇ، اﷲ تائالانىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە ۋە ئەھلى ئىمانلارغا قىلغان ۋەدىسى بولۇپ، اﷲ تائالا ئۇلارنى ئەھلى كىتابلاردىن ئىبارەت كاپىرلاردىن غالىب قىلدى».[1]

بۇ ئىلاھي قانۇنىيەتنى ئەمەلي كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈۋاتىمىز. كۈچلۈك ۋە زوراۋان كاتتا - كاتتا دۆلەتلەرمۇ اﷲ تائالادىن باشقا ياردەمچىسى بولمىغان مۇجاھىدلاردىن ئىبارەت كىچىككىنە بىر جامائەتنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىقىنى تەن ئالماقتا! مۇجاھىدلارنىڭ نە ئىلغار قورالى، نە كۈچ - قۇۋۋەت سېلىشتۇرمىسى، نە ئۇلارنى قوللايدىغان دۆلەتلىرى بولسۇن؟! مانا شۇنداق تۇرۇپ ھەم كاتتا دۆلەتلەرنىڭ ئىنچىكە پىلانلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ كەلمەكتە.

شۇنداق، ئۇ – اﷲ تائالانىڭ ۋەدىسى! اﷲ تائالا بىلەن قەسەمكى، مۆئمىنلەر پات ئارىدا اﷲ تائالانىڭ نۇسرىتى بىلەن خۇشال بولسا، ئۇممەتنىڭ دۈشمەنلىرى زىيان تارتقان ھالدا ھالاك بولىدۇ ھەمدە اﷲ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى ئىجرا بولۇپ، بۇ ئۇممەت دۇنيانىڭ كونتروللىقىنى قولىغا ئالىدۇ. «ھامان تاڭ ئاتىدۇ!»

## 8. كۆپلۈك ئەسقاتمايدۇ

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَمَّا فَصَلَ طَالُوتُ بِالْجُنُودِ قَالَ إِنَّ اللَّهَ مُبْتَلِيكُمْ بِنَهَرٍ فَمَنْ شَرِبَ مِنْهُ فَلَيْسَ مِنِّي وَمَنْ لَمْ يَطْعَمْهُ فَإِنَّهُ مِنِّي إِلَّا مَنِ

[1] تەبەرىنىڭ «جامع البيان» كىتابى 3- توم 329- بەت.

اغْتَرَفَ غُرْفَةً بِيَدِهِ فَشَرِبُوا مِنْهُ إِلَّا قَلِيلًا مِنْهُمْ فَلَمَّا جَاوَزَهُ هُوَ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ قَالُوا لَا طَاقَةَ لَنَا الْيَوْمَ بِجَالُوتَ وَجُنُودِهِ قَالَ الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُمْ مُلَاقُو اللَّهِ كَمْ مِنْ فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللَّهِ وَاللَّهُ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «تالۇت ئەسكەرلىرى بىلەن (بەيتۇلمۇقەددەستىن) ئايرىلغان چاغدا: ‹الله سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن ئۇ مەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر. ئۇنىڭدىن (ئۇسسۇزلۇقنى بىرئاز بېسىش ئۈچۈن) ئىچكەن ئادەم (بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ)› دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنە كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى. تالۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا (دۈشمەنلىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى): ‹بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز› دېدى. (تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) الله قا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار: ‹الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ› دېدى. الله چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر». [1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ كَانَ لَكُمْ آيَةٌ فِي فِئَتَيْنِ الْتَقَتَا فِئَةٌ تُقَاتِلُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَأُخْرَى كَافِرَةٌ يَرَوْنَهُمْ مِثْلَيْهِمْ رَأْيَ الْعَيْنِ وَاللَّهُ يُؤَيِّدُ بِنَصْرِهِ مَنْ يَشَاءُ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَعِبْرَةً لِأُولِي الْأَبْصَارِ﴾ «(ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بەدرىدە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار، بىرى، الله يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر؛ يەنى بىرى، مۇسۇلمانلارنى

[1] سۈرە بەقەرە 249- ئايەت.

(سانىنى) ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئويئوچۇق كۆرگەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر (يەنى اللە كاپىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن، كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى). اللە خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار».[1]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ:

– ئىبنى ئابباس ۋە سۇدى مۇنداق دېگەن: ئۇنىڭ بىلەن دەريادىن 4000 كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۇ ئىچكەن كىشىلەرمۇ بولغان. ئۇلار جالۇتنىڭ پۈتۈن قوراللانغان 100 مىڭ كىشىلىك ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن 3680 نەچچە كىشى كېتىپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ قايتا تىرىلىشىگە ۋە اللە تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىشىغا ئىشەنگەن ھەقىقىي مۇئمىنلەر (ئۇلارنىڭ سانى بەدر ئەھلىنىڭ سانىغا باراۋەر ئىدى): ﴿كَمْ مِنْ فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللَّهِ وَاللَّهُ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «<اللە نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ> دېدى. اللە چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر».

كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ بىلەن ئومۇمەن سۇ ئىچمىگەنلەر دەريادىن ئۆتەلىدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى مۇنداق دېدى: <بىز قانداقمۇ بۇنچىلىك كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلەيمىز>، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىرادىلىك كىشىلەر: <اللە نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ> دېدى».

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 13- ئايەت.

بەرائ ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بەدرگە قاتناشقان كىشىلەرنى تالۇت بىلەن دەريادىن ئۆتكەن ئۇچيۈز ئون نەچچە (يەنە بىر رىۋايەتتە 313) كىشىنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش دەپ قارايتتۇق. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت مۇئمىنلەرلا ئۆتەلىگەن ئىدى› ».[1]

تارىخ تەبەرىدە مۇنداق كەلگەن: بىر ئادەم خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «رۇملىقلار بەك كۆپ ئىكەن، مۇسۇلمانلار بەكلا ئاز» دېگەندە، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «رۇملۇقلار نەقەدەر ئاز، مۇسۇلمانلار نەقەدەر كۆپ - ھە!؟ ئەسكەرلەر ﷲ تائالانىڭ نۇسرىتى بىلەن كۆپ ھېسابلىنىدۇ، ياردەمسىز قېلىش بىلەن ئاز ھېسابلىنىدۇ. ئادەملەرنىڭ سانى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ﷲ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن قىزىل تەنلىكلەرنىڭ تەرتىپسىز ۋە سانى ئاز بولۇشىنى خالايمەن».[2]

## 9. جىھادتا دۈشمەنلەر قانداق تالاپەتكە ئۇچرايدۇ؟

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَهِنُوا فِي ابْتِغَاءِ الْقَوْمِ إِنْ تَكُونُوا تَأْلَمُونَ فَإِنَّهُمْ يَأْلَمُونَ كَمَا تَأْلَمُونَ وَتَرْجُونَ مِنَ اللَّهِ مَا لَا يَرْجُونَ وَكَانَ اللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا﴾ «دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار. ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ، سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شەھىد بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى)

---

[1] قۇرتۇبىنىڭ «الجامع لأحكام القرآن» كىتابى 3- توم 239- بەت.

[2] «تاريخ الطبري» 2- توم 372- بەت.

اللّٰه تىن ئۈمىد قىلىسىلەر. اللّٰه ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».[1] ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ اللّٰه تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى مۇنداق تەپسىر قىلغان:

﴿وَلاَ تَهِنُواْ فِي ابْتِغَاءِ الْقَوْمِ﴾ «دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار»، يەنى دۈشمەنلەرنى قوغلاپ زەربە بېرىشتە سۇسلۇق قىلماڭلار بەلكى جىددى مۇئامىلە قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇڭلار.

﴿إِن تَكُونُواْ تَأْلَمُونَ فَإِنَّهُمْ يَأْلَمُونَ كَمَا تَأْلَمونَ﴾ «ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ»، يەنى خۇددى سىلەرگە جاراھەت ۋە شەھىدلىك يەتكەندەك، ئۇلارغىمۇ جاراھەت ۋە ئۆلتۈرۈلۈش يەتتى، خۇددى اللّٰه تائالا ئېيتقاندەك: ﴿إِن يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِّثْلُهُ﴾ «ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شەھىد بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدر جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى)».[2]

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇنداق دېدى: ﴿وَتَرْجُونَ مِنَ اللَّهِ مَا لَا يَرْجُونَ﴾ «سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شەھىد بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى) اللّٰه تىن ئۈمىد قىلىسىلەر»، يەنى ئۇلار بىلەن سىلەر جاراھەت ۋە ئاغرىقتا باراۋەر لېكىن سىلەر اللّٰه تائالادىن ساۋاب ۋە غەلىبە - نۇسرەت

---

[1] سۈرە نىسا 104- ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 140- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تىلەيسىلەر. خۇددى الله تائالا ئۆز كىتابىدا ۋە رەسۇلىنىڭ تىلى ئارقىلىق ۋەدە قىلغىنىدەك، ئۇ ھەق ۋەدە ۋە خۇش بىشارەتتۇر، ئەمما كاپىرلار ھېچنەرسە ئۈمىد قىلمايدۇ. سىلەر جىھادقا قىزىقىشقا ۋە الله نىڭ كەلىمىسىنى تىكلەپ، ئۇنى ئالىي قىلىشقا ئەڭ لايىق.

﴿وَكَانَ اللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا﴾ «الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»، يەنى ئۇ ئۆزى تەقدىر قىلغان، بېكىتكەن، ئىجرا قىلغان شەرئىي ھۆكۈملەردە ئەڭ ئالىم، ئەڭ مۇكەممەل ۋە مەرقاچان مەدھىيىلەشكە لايىق زاتتۇر».[1]

بىز چوقۇم نەتىجىلەرگە بىر كۆزىمىز بىلەن قارىماسلىقىمىز كېرەك. پەقەتلا «بىزدىن قانچە ئادەم شەھىد قىلىندى؟»، «قانچىسى جاراھەتلەندى؟»، «نىمە زىيانلارنى تارتتۇق؟»، «نىمىلەرنى يوقاتتۇق؟» ئەمەس، بەلكى ئىككى كۆزىمىز بىلەن ياخشى نەزەر سېلىشىمىز ناھايىتى مۇھىم. مەسىلەن، «دۈشمەنلەر قانداق زىيان تارتتى؟»، «ئۇلاردىن قانچىلىك يوقىتىش بولدى؟»، «ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسى قانچىلىك؟»، «كەلگۈسىدىكى نەتىجىسى قانداق؟»... بۇ خىل پوزىتسىيە بىزنىڭ قىممەتنى ئۆلچەپ، كېيىنكىگە ياخشى تەييارلىق قىلىشىمىزغا پايدىلىق.

مانا شۇنىڭدەك، تەگپۇگلۇق بەزىلەر ئۆلچەپ يۈرگىنىدەك ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ۋە جاراھەتلەنگەنلەرنىڭ سانى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ شەرئىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەسكىرىي قاتارلىق كەلگۈسى مەنپەئىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بەزىدە دۈشمەن سان جەھەتتە

[1] «تفسير ابن كثير» 1- توم 731- بەت.

كۆپ زىيان تارتمىغان بىلەن لېكىن ئۇ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر زىيان تارتىپ، پىلانلىرى مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇممەت زور يامانلىقتىن ساقلىنىپ قېلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى دۈشمەننىڭ ھەيۋىسى سۇنىدۇ.

مەن بىر مىسال كەلتۈرەي، «ئىستىشھادى ئەمەلىيەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئۇنغا يېقىن يەھۇدىي ئۆلتۈرۈلگەن ئەمما ئۇلار ھەم پەلەستىنلىك قېرىنداشلىرىمىزدىن كۆپلىگەنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن ئۆيلەرنى ۋەيران قىلدى». لېكىن بۇنداق سېلىشتۇرۇش توغرا ئەمەس.

ئىستىشھادى ئەمەلىيەت ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئارزۇلىرى كۆپۈككە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئىسرائىلىيەنى قۇرۇش ھەرىكىتى بىتچىت قىلىندى. ئۇلار پەلەستىنلىكلەرگە بىر دۆلەتنى بېرىپ، ئىستىشھادى ھۇجۇملاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن توسۇق تام قۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مانا بۇ ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۇممەت كۆپ يامانلىقلاردىن ساقلىنىپ قالدى ۋە پەلەستىنلىكلەر كۆپ ئۇتۇققا ئېرىشتى. ئەگەر الله تائالانىڭ رەھمىتى ھەمدە بۇ مۇبارەك ئۇتۇق ۋە ئۇنىڭ چوققىسى بولغان ئىستىشھادى ئەمەلىيىتى بولمىسا ئىدى، يەھۇدىيلار ھەرگىزمۇ پەلەستىنلىكلەرنىڭ دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان بولاتتى. (الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!)

## 10. نۇسرەتنىڭ سەۋەبلىرى

الله تائالا مۇئمىنلەرگە غەلىبە ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ۋە

نۇرغۇن ئايەتلەردە خۇش بىشارەت بەرگەن.

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ سَبَقَتْ كَلِمَتُنَا لِعِبَادِنَا الْمُرْسَلِينَ ۝ إِنَّهُمْ لَهُمُ الْمَنْصُورُونَ ۝ وَإِنَّ جُنْدَنَا لَهُمُ الْغَالِبُونَ ۝﴾ «بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان [171]. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر [172]. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر [173]».①

اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا لَنَنْصُرُ رُسُلَنَا وَالَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيَوْمَ يَقُومُ الْأَشْهَادُ﴾ «شەك - شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز».②

اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأُخْرَى تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِنَ اللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېئمەت اللّٰه تىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى) دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۇئمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگىن».③

مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى اللّٰه تائالا تەرىپىدىن بولغان ۋەدە ۋە بىشارەتتۇر لېكىن ئۇ شەرتسىز ۋەدە بولماستىن بەلكى مەلۇم سەۋەبلەر ۋە

① سۈرە سافات 171- ئايەتتىن 173- ئايەتكىچە.

② سۈرە غافىر 51- ئايەت.

③ سۈرە سەف 13- ئايەت.

شەرتلەرگە باغلىق بولۇپ، شەرتنى ئورۇندىغان كىشى اللە تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشىدۇ ۋە بىشارەتكە لايىق بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا نۇقسان يەتكۈزسە، غەلىبىگە نائىل بولالمايلا قالماستىن ھەتتا اللە تائالا ئۇنى ئۆزىگە تاشلاپ قويىدۇ.

غەلىبە قىلىشنىڭ ئامىللىرىنى اللە تائالا ئۆز كىتابىدا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز ھەدىسلىرىدە ئوچۇق بايان قىلغان. بۇ سەۋەبلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى اللە تائالانىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش بولۇپ، اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ «اللە ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۇچۇن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ. شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار اللە نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر».[1]

يەنى ئۇلارنىڭ غەلىبە - نۇسرەتكە ئېرىشىشى اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا اللە تائالانى بىر دەپ بىلىشىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ. شېرىك – اللە تائالاغا ئېغىر دەرىجىدە قارشى چىقىش بولۇپ، خۇددى شۇ

[1] سۈرە نۇر 55- ئايەت.

سەۋەبتىن مۇشرىكلار ئەڭ بەختسىز ئىنسانلار سانىلىپ، اللە تائالا ئۇلارغا خار - زەبۇنلۇقنى پۈتتۈۋەتكىنىدەك؛ تەۋھىد بولسا اللە تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى، شۇ سەۋەبتىن تەۋھىد ئەھلى اللە تائالانىڭ غەلىبە - نۇسرىتى بىلەن ئەڭ بەختلىك كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يُحَادُّونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ أُوْلَئِكَ فِي الأَذَلِّينَ﴾ «شۈبھىسىزكى، اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلار ئەڭ خار ئىنسانلار قاتارىدىندۇر».①

اللە تائالا ئۆز كىتابىدا بايان قىلغان غەلىبە ۋەدىسىگە يېتىش ئۈچۈن تەۋھىد ئەھلى تولۇقلاشقا تېگىشلىك غەلىبە - نۇسرەتنىڭ يەنە باشقا ئامىللىرىمۇ بار. ﴿وَمَا كَانَ صَلَاتُهُمْ عِنْدَ الْبَيْتِ إِلَّا مُكَاءً وَتَصْدِيَةً فَذُوقُوا الْعَذَابَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُونَ ۞ إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ لِيَصُدُّوا عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ فَسَيُنْفِقُونَهَا ثُمَّ تَكُونُ عَلَيْهِمْ حَسْرَةً ثُمَّ يُغْلَبُونَ وَالَّذِينَ كَفَرُوا إِلَى جَهَنَّمَ يُحْشَرُونَ ۞﴾ «ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدىكى ئىبادىتى پەقەت ئىسقىرتماق، چاۋاك چالماقتىنلا ئىبارەت بولدى. (ئى كاپىرلار!) كاپىر بولغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ) ئازابىنى تېتىڭلار [35]. شۈبھىسىزكى، كاپىرلار مال - مۈلۈكلىرىنى (باشقىلارنى) اللە نىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ. كاپىرلار جەھەننەمگىلا ھەيدەپ كىرگۈزۈلىدۇ [36]».②

① سۈرە مۇجادەلە 20- ئايەت.

② سۈرە ئەنفال 35-، 36- ئايەتلەر.

ئەللامە ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇجاھىدلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ ئاملى بەش بولۇپ، ئەگەر بۇ بەش ئامىل بىرەر جامائەتتە تېپىلىپ قالسا، سانى ئاز بولۇپ، دۈشمەنلىرى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ جامائەت غەلىبە قىلىدۇ.

بىرىنچى، ساباتلىق بولۇش؛

ئىككىنچى، اللّٰه تائالانى كۆپ ئەسلەش؛

ئۈچىنچى، اللّٰه تائالا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش؛

تۆتىنچى، ئىتتىپاقلىشىش ھەمدە مەغلۇبىيەت ۋە ئاجىزلىققا سەۋەب بولىدىغان ئىختىلاپتىن يىراق بولۇش.

ئىختىلاپ قىلغۇچىلار شۇ ئارقىلىق ئۆز دۈشمەنلىرىنى كۈچەيتىپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر تۇتام چوكىدەك بولالىسا، ئۇنى ھەرقانداق بىر كىشى سۇندۇرالىشى ناتايىن؛ ئەمما ئۇلار بۆلۈنۈپ، ھەممە ئۆز ئالدىغا يېگانە بولسا، بىر تال چوكىنى سۇندۇرۇش تولىمۇ ئاسان بىر ئىش.

بەشىنچى، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يادروسى، يىلتىزى ۋە ئاساسى – سەۋردۇر.

غەلىبە - نۇسرەت مۇشۇ بەش ئاملىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئەگەر ئۇلار يوقالسا، غەلىبىمۇ شۇلارغا بېقىپ يوقىلىدۇ؛ مۇبادا بىر - بىرىنى تولۇقلىسا، غەلىبىمۇ شۇلارغا بېقىپ چوڭىيىدۇ. ساھابىلەردە بۇ ئامىللار تولۇقلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ھېچكىم توسۇپ قالالمىغان، ئۇلار دۇنيانى فەتىھ قىلىپ، ئىنسانلار ۋە شەھەرلەر ئۇلارغا بويۇن ئەگكەن ئىدى. كېيىنكىلەر بولسا بۇ ئامىللاردىن ئايرىلدى، ئاجىزلىدى، يامان ئاقىۋەتنىڭ ھەممىسى بېشىغا ياغدى. كۈچ - قۇۋۋەت بۈيۈك اللّٰه تائالانىڭ ئىلكىدە، اللّٰه

تائالا ياردەم بەرگۈچى زات، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىمىز. الله تائالا بىزگە كۇپايىدۇر، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىل!»[1]

الله تائالا غەلىبە قىلىشنىڭ ئامىللىرىنى خۇلاسىلەپ قويغان: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن تَنصُرُوا اللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر الله قا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ».[2]

الله تائالا بۇ ئايەتتە بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىز ۋە سابىت تۇرۇشىمىزغا ئۆزىنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشىمىزنى شەرت قىلدى، ئۇنداقتا بەندىنىڭ ئۆز رەببىگە ياردەم بېرىشى دېگەن نېمە؟ ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «بەندىنىڭ الله تائالاغا ياردەم بېرىشى دېگەنلىك، ئۇنىڭ دىنىغا، كىتابىغا ۋە رەسۇلىغا ياردەم بېرىش دېگەنلىك بولىدۇ». ئەگەر بىز دىنىمىزنى بەرپا قىلىپ، رەببىمىزنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلىمىزنىڭ سۈننىتىنى ھاكىم قىلساق، رەببىمىز بىزگە ياردەم بېرىپ، ئۆز ۋەدىسىنى رويابقا چىقىرىدۇ. مۇكاپات ئەلۋەتتە ئەمەلگە بېقىپ بولىدۇ. الله تائالا بەندىنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىشىنىڭ نېمىلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّا أَنْ يَقُولُوا رَبُّنَا اللَّهُ وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنْصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ۞ الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا

[1] «الفروسية» 505- بەتتىن 507- بەتكىچە.

[2] سۈرە مۇھەممەد 7- ئايەت.

الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ ﴿
«(ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز اللّٰه دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى. ئەگەر اللّٰه ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اللّٰه نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى. كىمكى اللّٰه نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە اللّٰه ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، اللّٰه ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [40]. (اللّٰه نىڭ ياردىمىگە ئېرىششكە مەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللّٰه قا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اللّٰه قا قايتىدۇ) [41]».[1] اللّٰه تائالا ئۆز دىنىنى بەرپا قىلىدىغان ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلىدۇ.

اللّٰه تائالا سۈرە ئال ئىمراندا ئوھۇد غازىتىنى بايان قىلىۋېتىپ جازانىدىن توسۇپ، ياخشىلىقلارغا ئالدىراشقا بۇيرۇيدۇ ھەمدە روھىيەتنى پاكلاپ، ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ چۈنكى بۇ ئىشلار غەلىبە قىلىشنىڭ چوڭ ئامىللىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭغا سەل قاراش تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر نۇسرەتنىڭ بۇ

[1] سۈرە ھەج 40-، 41- ئايەتلەر.

ئامىللىرى تولۇقلانسا غەلبە مەيدانغا كېلىپ، ۋەدە روياپقا چىقىدۇ. يۇقىرىقى شەرتلەرگە سەل قارىلىپ تۇرۇپ غەلبە كەلگەن بولسا، بۇ غەلبىلەر الله تائالا تەرىپىدىن ۋەدە قىلىنغان غەلبە بولماستىن بەلكى جاھىلىيەتنىڭ جاھىلىيەت ئۈستىدىن غەلبە قىلىشى خالاس.

الله تائالادىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشۋاتقان، ئۇنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇنلار بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان، جازانە ۋە گۇناھلارنى قىلىش ئارقىلىق الله تائالانىڭ شەرىئىتىگە جەڭ ئېلان قىلىۋاتقان ياكى الله تائالانىڭ يولىدىن توسۇپ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ، مۇئمىنلەر بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان ئىنسانلارغا الله تائالانىڭ نۇسرىتى قانداقمۇ كەلسۇن؟! بۇنداق ھالەتتە تۇرۇپ ھەم الله تائالادىن غەلبە - نۇسرەت كۈتۈۋاتقان كىشى نادان ۋە ئەخمەقنىڭ دەل ئۆزىدۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئىش ئىگىلىرى بۇ ئامىللاردىن ئايرىلسا، الله تائالا نازىل قىلمىغان نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە بىزگە زۇلۇم قىلىش باشلىنىدۇ چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: ‹قانداق بىر قەۋم الله نازىل قىلغان قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زۇلۇم باشلىنىدۇ›.[1] مانا بۇ كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى بولۇپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە بولسۇن ياكى باشقا دەۋردە بولسۇن ئارقا - ئارقىدىن بولۇپ ئۆتتى.

بەختلىك كىشى باشقىلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، الله تائالا غەلبە -

[1] ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايىتى. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

نۇسرەت بەرگەن كىشىلەرنىڭ يولىدا ماڭىدۇ ۋە اللە تائالانىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قېلىپ خار بولغان كىشلەرنىڭ يولىغا ھەرگىزمۇ يېقىن يولىمايدۇ، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّا أَنْ يَقُولُوا رَبُّنَا اللَّهُ وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنْصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ۞ الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ ۞﴾ <(ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز اللە دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى. ئەگەر اللە ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اللە نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى. كىمكى اللە نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە اللە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، اللە ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [40]. (اللە نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللە قا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اللە قا قايتىدۇ) [41].[1]

اللە تائالا چوقۇم ئۆز كىتابىغا، دىنىغا ۋە پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ؛ اللە تائالا نازىل قىلغان قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغانلارغا

[1] سۈرە ھەج 40-، 41- ئايەتلەر.

ياردەم قىلغانلارنى بولسا ياردەمسىز تاشلاپ قويىدۇ».[1]

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھنىڭ بۇ سۆزگە قوشۇمچە قىلىپ، ئۇ خۇددى بىزنىڭ دەۋرىمىزدىن ھېكايە قىلىۋاتقاندەك، ئۆز دەۋرىدىن سۆز ئېچىپ مۇنداق دەيدۇ: «غەلىبە - نۇسرەتنىڭ بۇ ئامىللىرى ۋە شەرتلىرى ھازىر بىزدە مەرگىزمۇ تېپىلمايدۇ، بىز ئەلۋەتتە بىزگە كەلگەن ۋە چۈشكەن بۇ ئېغىرچىلىقلارغا ئىسترجا (إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ) ئېيتىشىمىز كېرەك.

ئىسلامدىن پەقەت ئۇنىڭ نامى، دىندىن پەقەت ئۇنىڭ شەكلى قالدى؛ بۇزۇقچىلىق ئاشكارا بولۇپ، تۇغيان كۆپىيىپ، ھەقىقەت ئازلاپ، دۈشمەن شەرق ۋە غەرب، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنى ئىگەللىدى؛ پىتنە ھەممە يەرگە ئومۇملاشتى؛ مۇشەققەتلەر كۆپىيىپ، اللہ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر تىنچ قالدى».[2]

## 11. مەغلۇبىيەتنىڭ ئامىللىرى، ئۇنىڭ يۈز بېرىشتىكى ھېكمىتى ۋە مۇسۇلمانىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيىسى

مەغلۇبىيەتنىڭ ئامىللىرىنى تونۇپ يەتتۇق، ئۇ بولسىمۇ نۇسرەتنىڭ ئامىللىرىغا، خۇسۇسەن اللہ تائالا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشقا سەل قاراشتىن ئىبارەت. گۇناھ - مەئسىيەت بولسا مەغلۇبىيەت ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىمىزگە ھاكىم بولۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى، بەلكى بەندىگە يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت ئۇنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن بولىدۇ.

---

[1] ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مجموع الفتاوى» كىتابى 35- توم 388- بەت.

[2] قۇرتۇبىنىڭ «الجامع لأحكام القرآن» كىتابى 3- توم 239- بەت

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَصَابَكُمْ مِنْ مُصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ وَيَعْفُو عَنْ كَثِيرٍ﴾ «سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، اللە نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)».[1]

ئوھۇد كۈنى مۇسۇلمانلارغا مۇسىبەت يەتكەندە، ساھابىلەر: «بۇ مەغلۇبىيەت قەيەردىن كەلدى؟» دەپ تەئەججۈپلەندى. بۇ مەغلۇبىيەت قانداق يۈز بەردى؟ ئۇلار مۇسۇلمان، دۈشمەنلىرى مۇشرىك تۇرسا، بۇ قانداق ئىش؟! رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەم ئۇلار بىلەن بىرگە تۇرسا؟! بۇ نېمە ئۈچۈن؟ اللە تائالا ئۇلارغا نۇسرەتنى ۋەدە قىلغان تۇرسا؟!... اللە تائالا مەغلۇبىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن ئىكەنلىكىنى ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمَّا أَصَابَتْكُمْ مُصِيبَةٌ قَدْ أَصَبْتُمْ مِثْلَيْهَا قُلْتُمْ أَنَّى هَذَا قُلْ هُوَ مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ «سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئوھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شەھىد بولغان تۇرسا، بەدر غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: ‹بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟› دېدىڭلار. ئېيتقىنكى: ‹ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن)

[1] سۈرە شۇرا 30- ئايەت.

بولدى>. اللّٰه ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر».[1]

اللّٰه تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلىكىنى ۋە ئۆز دىنىنى غالىب قىلغانلىقىنى ئەمما ئۇلارنىڭ نۇسرەت ئاملىلىرىغا سەل قارىغانلىقى ۋە شۇ سەۋەبلىك نۇسرەتنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئالمىشىپ قالغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ صَدَقَكُمُ اللَّهُ وَعْدَهُ إِذْ تَحُسُّونَهُمْ بِإِذْنِهِ حَتَّى إِذَا فَشِلْتُمْ وَتَنَازَعْتُمْ فِي الْأَمْرِ وَعَصَيْتُمْ مِنْ بَعْدِ مَا أَرَاكُمْ مَا تُحِبُّونَ مِنْكُمْ مَنْ يُرِيدُ الدُّنْيَا وَمِنْكُمْ مَنْ يُرِيدُ الْآخِرَةَ ثُمَّ صَرَفَكُمْ عَنْهُمْ لِيَبْتَلِيَكُمْ وَلَقَدْ عَفَا عَنْكُمْ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ﴾ «اللّٰه سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى. اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، اللّٰه سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن اللّٰه سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. اللّٰه مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر».[2] يەنى «اللّٰه تائالا سىلەرگە ۋەدە قىلغان نۇسرەتنى رويابقا چىقاردى. ئەينى چاغدا سىلەر ئۇھۇد غازىتىدا كاپىرلارنى اللّٰه تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلتۈرۈۋاتاتتىڭلار، ھەتتا ئۇرۇشتىن قورقۇپ، سۇسلۇق قىلدىڭلار، <ئورنۇڭلاردا تۇرۇڭلار!>،

[1] سۈرە ئال ئىمران 165- ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 152- ئايەت.

<ياق، غەنىيمەت يىغىڭلار!> دەپ تالاش - تارتىش قىلدىڭلار ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: <قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئورنۇڭلاردىن ئايرىلماڭلار!> دەپ بۇيرۇغان بۇيرۇقىغا ئاسىي بولۇۋېدىڭلار شۇنىڭ بىلەن سىلەر ياخشى كۆرگەن نۇسرەتتىن كېيىن مەغلۇبىيەت يۈزلەندى».

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قالدۇرغان بىر ئەسەردە، ئۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە مۇنداق دەپ خەت يازىدۇ: «مەن سېنى ۋە ئەسكەرلىرىڭنى ھەر ۋاقىت اللّٰه تائالاغا تەقۋا بولۇشقا بۇيرۇيمەن، چۈنكى اللّٰه تائالادىن قورقۇش دۈشمەنگە قىلىنغان تەييارلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە جەڭ تاكتىكىلىرىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملىكى. مەن سېنى ۋە ئەسكەرلىرىڭنى دۈشمىنىڭلاردىن بەكرەك گۇناھىڭلاردىن قورقۇشقا بۇيرۇيمەن، چۈنكى بىر قوشۇننىڭ گۇناھى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىدىنمۇ قورقۇنچلۇق. مۇسۇلمانلار پەقەت ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ اللّٰه تائالاغا بولغان گۇناھ - مەئسىيەتلىرى سەۋەبلىك غەلىبە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بىز غەلىبە قىلالمايمىز چۈنكى بىز سان ۋە تەييارلىق جەھەتتە ئۇلاردىن ئاز، ئەگەر بىز گۇناھ - مەئسىيەتتىمۇ ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالساق، ئۇلار بىزدىن كۈچ - قۇۋۋەتتە ئۈستۈن بولۇپ قالىدۇ - دە، ئۇ ۋاقىتتا بىز ئۇلارنى كۈچىمىز بىلەن مەغلۇپ قىلالمايمىز. بىلىڭلاركى، ئۈستۈڭلاردا قىلغان قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان اللّٰه تائالانىڭ پەرىشتىلىرى بار، ئۇلاردىن ھايا قىلىڭلار. اللّٰه تائالا يولىدا تۇرۇپ اللّٰه تائالاغا ئاسىي

بولماڭلار!»[1]

مەغلۇبىيەتنىڭ ھېكمىتىنى اللّٰه تائالا ئۇھۇد غازىتىنىڭ ۋەقەلىكىدە تولۇق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنْ يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِثْلُهُ وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَتَّخِذَ مِنْكُمْ شُهَدَاءَ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ ۞ وَلِيُمَحِّصَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَمْحَقَ الْكَافِرِينَ ۞﴾ «ئەگەر سىلەرگە شىكەستىلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شەھىد بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدر جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز). (بۇ) اللّٰه نىڭ (ھەقىقىي) مۆئمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شەھىدلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شەھىدلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر. اللّٰه زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ. مۆئمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر».[2]

اللّٰه تائالا مەغلۇبىيەتلەرنىڭ كۆپلىگەن ھېكمەتلىرىنى بايان قىلدى:

1. اللّٰه تائالانىڭ ﴿وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «(بۇ) اللّٰه نىڭ (ھەقىقىي) مۆئمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر» دېگەن سۆزىدىكى ھېكمەت، سادىق مۆئمىننىڭ مۇناپىقتىن پەرق ئېتىلىشى ۋە مۆئمىنلەرنى

---

[1] «جمهرة خطب العرب» 1- توم 225- بەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 140-، 141- ئايەتلەر.

ئىمتىھان قىلىشتۇر. سادىق ئىماننىڭ ئاشكارا بولۇشى ۋە سادىقلارنىڭ يالغانچىلاردىن، مۇئمىننىڭ مۇناپىقلاردىن ئايرىلىپ چىقىشى بۇنىڭغا ئوخشىغان ئىمتىھانلارسىز ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. مۇئمىنلەر ھەمىشە كۈچ ۋە غەلىبىلەر ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان ھالەتلەردە سەپلەرنى پەرق ئېتىش تولىمۇ قىيىن بولىدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، مۇئمىننىڭ باشقىلاردىن پەرق ئېتىلىشىدۇر. مۇبادا مۇئمىنلەر ھەر زامان غالىب بولۇپ تۇرسا، دوست بىلەن ئىچكى دۈشمەن ئايرىلماي، ھەممە دوستلۇقنى ئىزھار قىلىدۇ. ئەگەر مەغلۇبىيەت كەلسە، ئىچكى دۈشمەنلەر(يەنى مۇناپىقلار) ئۆزىنى ئاشكارلايدۇ».[1] خۇددى اللە تائالا ئېيتقاندەك: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ فَإِذَا أُوذِيَ فِي اللَّهِ جَعَلَ فِتْنَةَ النَّاسِ كَعَذَابِ اللَّهِ وَلَئِنْ جَاءَ نَصْرٌ مِنْ رَبِّكَ لَيَقُولُنَّ إِنَّا كُنَّا مَعَكُمْ أَوَلَيْسَ اللَّهُ بِأَعْلَمَ بِمَا فِي صُدُورِ الْعَالَمِينَ ۞ وَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْمُنَافِقِينَ ۞﴾ «بەزى كىشىلەر: <اللە قا ئىمان ئېيتتۇق> دەيدۇ، اللە نىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى اللە نىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭدىن مەدەت كەلسە: <بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق> دەيدۇ. اللە جاھان ئەھلىنىڭ دىللىرىدىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلمەمدۇ؟ [10]. اللە مۇئمىنلەرنى چوقۇم بىلىدۇ، مۇناپىقلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ [11]».[2]

---

[1] «العقيدة الأصفهانية» 1- توم 129- بەت.

[2] سۈرە ئەنكەبۇت 10-، 11- ئايەتلەر.

ئەللامە ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه تائالانىڭ ھېكمىتى شۇكى، روھىيەتنىڭ ئىمتىھان قىلىنىپ، شۇ ئىمتىھان ئارقىلىق ياخشى ياماندىن؛ اللّٰه تائالانىڭ دوستلىرى ۋە ئىززەت - ئىكراмغا لايىق كىشىلەر، لايىق بولمىغان كىشىلەردىن ئايرىلىپ چىقىشىدۇر؛ شۇنداقلا ئىززەت - ئىكرامغا لايىق روھىيەتلەر پاكلىنىپ، چىرىندىلىرىدىن ئايرىلغان ئالتۇن كەبى، ئىمتىھان ئوچاقلىرىدا تاۋلىنىدۇ. چۈنكى روھ ئەسلىدە جاھىل ۋە زالىم بولۇپ، ئۇنى پات - پات تاۋلاپ ۋە ساپلاشتۇرۇپ تۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر. ئەگەر بۇ دۇنيادا ئۇنداق قىلىنمىسا جەھەننەمنىڭ ئوچىقىدا تاۋلىنىپ، بەندە ئۆزىنى تۈزلەپ ۋە پاكلىغاندا جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت بېرىلىدۇ».[1]

2. اللّٰه تائالانىڭ ﴿وَيَتَّخِذَ مِنكُمْ شُهَدَاءَ﴾ «سىلەرنى شەھىدلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شەھىدلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر» دېگەن سۆزىدىكى ھېكمەت شۇكى، اللّٰه تائالا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن شەھىدلەرنى ئۆزى تاللاپ، ئۇلارنى شاھادەت بىلەن ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆز جانلىرىنى اللّٰه تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قۇربان قىلىپ، جەننەتتىكى ئالىي ماقاملارغا نائىل بولىدۇ ھەتتا ئۇلار بۇ يولدا شەھىد بولغانغا قەدەر مۇستەھكەم تۇرىدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، اللّٰه تائالا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن شەھىدلەرنى تاللايدۇ. شەھىدلىكنىڭ دەرىجىسى جەننەتتە ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بۇنىڭ

[1] ئىبنى قەييىمنىڭ «زاد المعاد» كىتابى 3- توم 11- بەت.

ئۈچۈن چوقۇم اللہ تائالا يولىدا جان بېرىش كېرەك! بىر كىشىنىڭ شەھىدلىك بىلەن ئۆلۈشى ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەجىر ۋە مۇكاپاتىنى چوڭايتىپ، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ، اللہ تائالا زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدۇ».①

3. اللہ تائالانىڭ ﴿وَلِيُمَحِّصَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «مۇئمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر» دېگەن سۆزىدىكى ھېكمەت بولسا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ، دەرىجىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئارقىلىق اللہ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىنى ساپلاپ، گۇناھىدىن پاكلايدۇ. ئەگەر ئۇلار دائىم غەلىبە قىلىۋەرسە روھى ھەددىدىن ئېشىپ، ئىمانى ئاجىزلاپ، ئازاب - ئوقۇبەتكە لايىق بولۇپ قالىدۇ». ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇجاھىدلار مەغلۇپ بولسا اللہ تائالادىن قورقۇپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغانلىقىغا ۋە اللہ تائالادىن ياردەم سوراپ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا ئۈمىد قىلىپ قالغان ئىنسانلار ۋە بارچە كۈچ - قۇۋۋەتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئادا - جۇدا بولۇپ، پەقەت اللہ تائالاغىلا تەۋەككۇل قىلغانلىقىغا شاھىد بولدۇق».②

4. اللہ تائالانىڭ ﴿وَيَمْحَقَ الْكَافِرِينَ﴾ «كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر» دېگەن سۆزىدىكى ھېكمەت شۇكى، اللہ تائالا ئۇلارنى چوقۇم

① «العقيدة الأصفهانية» 1- توم 130- بەت.

② «العقيدة الأصفهانية» 1- توم 130- بەت.

مالاك قىلىدۇ چۈنكى ئۇلار غەلىبە قىلسا ئازغۇنلىقىدا ۋە زوراۋانلىقىدا ئەزۋەيلەيدۇ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ مالاك بولۇشىغا ۋە ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا ئىنسانلارنى ئەمەللىرىگە قاراپ جازالايدۇ. ئەگەر كاپىر ياخشى ئىش قىلغان بولسا دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىرمۇ ياخشىلىقى قالمىغاندا، ئۇنىڭ كاپىر بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنى جازالايدۇ. كاپىر غەلىبە قىلسا ھەددىدىن ئاشىدۇ، زۇلۇم قىلىدۇ، اللە تائالاغا كاپىر بولۇپ، ئۇنى يالغانغا چىقىرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار يوقىلىش گىردابىغا بارىدۇ، ئۇلارنىڭ غەلىبىسىدە اللە تائالا ئۇلارنى مالاك قىلىدۇ».[1]

مۇسۇلمانىنىڭ مەغلۇبىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى اللە تائالا ئۇھۇد غازىتى ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتتە بايان قىلىدۇ:

1. روھ ۋە پىكىرنىڭ ئۆزىنىڭ خاتالىقى ۋە ئۆزىگە يەتكەن مۇسىبەتنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن يەتكەنلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشى بولۇپ، ئۇ گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، ئىستىغپار ئېيتىپ، ئۆز خاتالىقىنى تۈزىتىدۇ. مانا بۇ ھەرقانداق كىشى جېنىغا، مېلىغا، دىنىغا ياكى ئابرۇيىغا مۇسىبەت يەتكەندە تۇتىدىغان ئومۇمىي بىر پوزىتسىيىدۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَصَابَكُمْ مِنْ مُصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ وَيَعْفُو عَنْ كَثِيرٍ﴾ «سىلەرگە (يەنى جېنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، اللە نۇرغۇن

[1] «العقيدة الأصفهانية» 1- توم 130- بەت.

گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)».[1]

اللە تائالا ئۇھۇد غازىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمَّا أَصَابَتْكُمْ مُصِيبَةٌ قَدْ أَصَبْتُمْ مِثْلَيْهَا قُلْتُمْ أَنَّى هَذَا قُلْ هُوَ مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ «سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شەھىد بولغان تۇرسا، بەدر غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: ‹بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟› دېدىڭلار. ئېيتقىنكى: ‹ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى›. اللە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر».[2]

2. مۇسۇلمان مەغلۇبىيەتكە مۇكەممەل ئىمان ۋە تولۇق ئىشەنچ بىلەن پوزىتسىيە تۇتىدۇ، ئۇنى بۇ مەغلۇبىيەت تەۋرىتەلمەيدۇ ۋە ئارقىغا چېكىندۈرەلمەيدۇ. ئۇ سۇسلۇق قىلىپ، دۈشمەنلەرگە تەسلىم بولمايدۇ ۋە جىھادنى تەرك ئەتمەيدۇ. خۇددى اللە تائالا ئېيتقاندەك: ﴿وَكَأَيِّنْ مِنْ نَبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُوا لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَمَا ضَعُفُوا وَمَا اسْتَكَانُوا وَاللَّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ ۞ وَمَا كَانَ قَوْلَهُمْ إِلَّا أَنْ قَالُوا رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ ۞﴾

---

[1] سۈرە شۇرا 30- ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 165- ئايەت.

«نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار الله يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ [146]. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: ‹پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن› دېگەندىن باشقا بولمىدى [147]».①

3. ئىمانىي ئۇستۇنلۇك. مۇئمىن ئۆزىنىڭ ئىمانى بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مۇسىبەتلەردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇئمىن، دۈشمىنىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى؛ ئۆزىنىڭ ھەق ئۈستىدە، دۈشمىنىنىڭ باتىل ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ جەننەتكە، دۈشمىنىنىڭ بولسا جەھەننەمگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ، ئىماندىن كۈچ - قۇۋۋەت تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسىبەت ئۇنىڭغا ئاسان تۇيۇلىدۇ ۋە غەم - قايغۇدىن قۇتۇلىدۇ. مەيلى نەتىجە بۇ دۇنيادا بولسۇن ياكى ئاخىرەتتە بولسۇن، ئۇ بارچە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ ئەمما ئىمانىنىلا ساقلاپ قالالىسا غەلىبە قازانغان بولىدۇ. الله تائالا ئۇھۇد غازىتىدىن كېيىن مۇئمىنلەرگە تەسەللى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَهِنُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾ «(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شەھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك

① سۈرە ئال ئىمران 146-، 147- ئايەتلەر.

قازىنىسىلەر».[1]

ئۇھۇد كۈنى ئەبۇ سۇفيان: «ھۇبەل[2] بۈيۈك! ھۇبەل بۈيۈك!» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىنىڭ ئىمانى ئۇستۇنلۇكى بىلەن: «ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمامسىلەر؟» دېدى. ساھابىلەر: «نېمە دەيمىز؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «<الله تائالا ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ ئۇلۇغدۇر!> دەڭلار» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ سۇفيان: «ئۇززا[3] بىزنىڭ، سىلەرنىڭ ئەمەس» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «جاۋاب قايتۇرمامسىلەر؟» دېگەندە، ئۇلار: «نېمە دەيمىز؟» دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «<الله تائالا بىزنىڭ ئىگىمىز، سىلەرنىڭ ئىگەڭلار يوق!> دەڭلار» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ سۇفيان: «بۇ بەدر كۈنىنىڭ قىساسى، غەلىبە ئالمىشىپ تۇرىدۇ» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنداق ئەمەس، بىزدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر جەننەتتە، سەنلەرنىڭ تاپلىرىڭ دوزاختا» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

ئىمام ئەھمەدنىڭ «مۇسنەد» ناملىق كىتابىدا مۇنداق كەلتۈرۈلگەن، ئۇھۇد كۈنى مۇشرىكلار چېكىنگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «سەپتە تۈز تۇرۇڭلار! مەن رەببىمگە ھەمدۇ - سانا ئوقۇۋالاي». ساھابىلەر دەرھال رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كەينىدە سەپ بولۇشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئى الله! بارچە ھەمدۇ - سانا ساڭا خاستۇر، سەن كەڭ قىلغان نەرسىنى ھېچكىم تار قىلالمايدۇ، سەن تار قىلغان نەرسىنى

[1] سۈرە ئال ئىمران 139- ئايەت.

[2] ھۇبەل – بۇتنىڭ ئىسمى.

[3] ئۇززا – بۇتنىڭ ئىسمى.

ھېچكىم كەڭ قىلالمايدۇ؛ سەن ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، سەن ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ؛ سەن بەرمىگەننى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، سەن بەرگەننى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. سەن يىراقلاشتۇرغاننى ھېچكىم يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، سەن يېقىنلاشتۇرغاننى ھېچكىم يىراقلاشتۇرالمايدۇ.

ئى اللّٰه! بىزگە بەرىكەتلىرىڭنى، رەھمەتلىرىڭنى، پەزلىڭنى ۋە رىزقىڭنى كەڭ قىلغىن.

ئى اللّٰه! مەن سېنىڭدىن قولدىن كەتمەس ۋە ئۆزگەرمەس مۇقىم نېئمەت سورايمەن.

ئى اللّٰه! غۇربەتچىلىك كۈنلەردە سېنىڭدىن نېئمەت، قورقۇنچلۇق كۈنلەردە ئەمىنلىك سورايمەن.

ئى اللّٰه! ساڭا سېغىنىپ سەن بەرگەن نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بەرمىگەن نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

ئى اللّٰه! ئىماننى دوست كۆرسەتكىن ۋە ئۇنى قەلبلىرىمىزگە زىننەتلىك قىلغىن، بىزگە كۇفرىلىق، پاسىقلىق ۋە ئىسيانىنى يامان كۆرسەتكىن ھەمدە بىزنى توغرا يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن.

ئى اللّٰه! بىزنى مۇسۇلمان ھالىتىمىزدە قەبزى روھ قىلغىن ۋە مۇسۇلمان ھالىتىمىزدە تىرىلدۈرگىن، بىزنى زىيان تارتمىغان ۋە پىتنىگە مۇپتىلا بولمىغان سالىھلارغا قوشقىن.

ئى اللّٰه! پەيغەمبەرلىرىڭنى يالغانغا چىقارغان ۋە يولۇڭدىن توسۇۋاتقان كاپىرلارنى ئۆلتۈرگىن، ئۇلارنى قاتتىق ئازابلىغىن.

ئى ھەق اللە! كىتاب بېرىلگەن كاپىرلارنى ئۆلتۈرگىن».[1]

مانا قاراڭ! رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىنىڭ ئىماني ئۇستۇنلىكىنى قانداق نامايەندە قىلدى!؟ بەلكى رەببى بارچە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى زات بولغانلىقى ئۈچۈن ھەمدۇ - سانالار ئوقۇدى. اللە تائالا ھەقىقەتەن ھەر ۋاقىت ھەمدۇ - ساناغا لايىق زاتتۇر!

ئىماني ئۇستۇنلۇكنىڭ ھەقىقىتىنى ياخشى بىلىشىڭىز، مۇستەھكەم ئىمان ۋە ئۇنىڭدىكى تەسەللىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن يۇقىرىقى ھەدىسنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭ! ئۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى قاتارلىق مۇسىبەتلەر سىزگە ئېغىر كەلمەيدۇ. «كاپىرلارنىڭ (پۇل - مال، ئابرۇي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سىزنى ئالدىمىسۇن» ۋە ئاخىرقى غەلىبىنىڭ تەقۋادارلارغا مەنسۇپ ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ كاپىرلارغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلەڭ! اللە تائالادىن سىزنى ئۆزىنىڭ ياردەمچىلىرىدىن ۋە دوستلىرىنىڭ قاتارىدىن قىلىشىنى سوراڭ!

## 12. جىھادتىكى بەيئەت

بەيئەتنىڭ لوغەت مەنىسى: كېلىشمەك، ئەھدە تۈزۈشمەك. ئىبنى ئەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «گويا بىر كىشى يەنە بىر ھەمرايىغا ئۆزىدىكى نەرسىنى ساتقان ۋە ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن بەرگەن، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ھەمدە بارچە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغاندەك

---

[1] مۇسنەد 3- توم 424- بەت، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كېلىشىمەك ۋە ئەھدىلەشمەكتىن ئىبارەت».①

بەيئەت پەقەت خەلىپىگە بەيئەت بېرىشنىلا ئۇقتۇرمايدۇ، ھەدىسنىڭ زاھىرىي مەنىسىدە كەلگىنىدەك، جىھاد ئەمىرلىرىگە بەيئەت بېرىشمۇ جائىز. ئىمام بۇخارى «جەڭدىن قاچماسلىق» ۋە بەزىلەر «ئۆلۈمگە بەيئەت بېرىش» دېگەنگە ئوخشاش بىر باب كەلتۈرگەن. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ رَضِيَ اللَّهُ عَنِ الْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ الشَّجَرَةِ﴾ «اللّٰه مۇئمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى».②

ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، قۇرئان يادلاش... قاتارلىق خىلمۇخىل ئىبادەتلەرگە بەيئەت قىلىش جائىز.

مۇجاھىدلار سەۋر قىلىشقا، قاچماي سابىت تۇرۇشقا بەيئەت بەرسە بولىدۇ. جىھاد ئەمىرىنىڭمۇ ئۆز ئەسكەرلىرىدىن بەيئەت ئېلىش ھەققى بولىدۇ لېكىن بۇ بەيئەت جىھاد ساھەسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ ۋە ئۇ ئەمىرگە خەلىپىلىك ھۆكۈملىرى بېرىلمەيدۇ. خەلىپىگە بەيئەت قىلىش جىھاد ئەمىرىگە بەيئەت قىلىشقا قارىغاندا شەرت ۋە ھۆكۈم جەھەتتە كۆپ تەرەپتىن پەرقلىنىدۇ.

## 13. دۆلەت قۇرۇش

① «النهاية في غريب الأثر» 1- توم 452- بەت.

② سۈرە فەتھ 18- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللە تائالانىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىش جىهادنىڭ ئەڭ بۈيۈك غايىسى ئىكەنلىكى تۈنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ پرىنسىپنىڭ «شەرىئەت ھەممىگە ھاكىم بولىدۇ» دېگەنلىك ئىكەنلىكىنى بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ھەرقانداق بىر مۇجاھىد شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشمىسا، ئۇنىڭ جىھادى ئۈنۈمسىز ۋە تارتقان جاپالىرى بىھۇدە بولۇپ قالىدۇ. بۇ دېگەنلىك، «پەقەت قۇرغۇچىلىرىنىڭ زېھنىدىلا مەۋجۇت، رېئاللىقتا ھەقىقىتى يوق، ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنى ئىمتىھان قىلىدىغان، شەرىئەت ھۆكۈملىرى تەتبىقلىنىدىغان، قۇرغۇچىلىرىغا خەلىپە ھۆكۈمى بېرىلىدىغان، ئاندىن بۇ مۇجاھىدلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، باشقا ئىسلامىي جامائەتلەرگە پەتىۋا بېرىپ كۇن ئۆتكۈزىدىغان ۋە ئۆز جىھادىنى بارلىققا كەلتۈرمەيدىغان بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش»نى ئۇقتۇرمايدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ﴾ «اللە نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللە قا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اللە قا قايتىدۇ)».[1]

دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن زېمىندا تەمكىنلىككە ئېرىشىش شەرت

---

[1] سۈرە ھەج 41- ئايەت.

بولۇپ، تەسەررۇپاتلار ئۇنىڭغا قاراشلىق بولىدۇ. خەلىپە بولسا «أهل الحل والعقد أو أكثرهم» (دىندا گېپى ئۆتىدىغان مۇسۇلمانلار ياكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى) تاللىغان كىشىدۇر. ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ <يوق، ئىنىقسىز ۋە ھېچ نەرسىگە كۈچى يەتمەيدىغان كىشىلەر>گە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇماستىن، كىشىلەرگە سىياسەت قىلىشقا قادىر بولالايدىغان، ھوقۇققا ئىگە، ئېنىق، مەۋجۇت ئىماملارغا (خەلىپىلەرگە) ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان».[1]

ماكانىسىز دۆلەت – ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرگەنلىك. مۇسۇلمانلار تاللىمىغان خەلىپە ئۇ بىر مۇستەبىت، ئۇنىڭ كۈچى پەقەت قەھر - غەزەپتۇر، كىشىلەرنى بۇنىڭدا ئىمتىھان قىلىش بىر خاتالىق.

مەن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمنى بۇ جەھەتتە تېيىلىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرىمەن. مۇجاھىدلار پەقەت «بۇ دىنغا ياردەم بېرىش»، «اللّٰه تائالانىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىش» ئۈچۈن چىققانلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئىشەنچلىك ئەھلى ئىلىملەرگە مۇراجىئەت قىلىشى ۋە ئۇلاردىن ئۇنىڭ توغرا - خاتالىقىنى سورىشى كېرەك. اللّٰه تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارغا پەقەت ياخشىلىقنى راۋا كۆرىمەن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىمەن ۋە كۆيۈنىمەن. اللّٰه تائالادىن بىزگە ھەقنى ھەق كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى ۋە باتىلنى باتىل كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشنى رىزىق قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن.

---

[1] ئىبنى تەيمىيەنىڭ «منهاج السنة» كىتابى 1- توم 115- بەت.

## مۇجاھىد پەيغەمبەر ﷺ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن يېگانە اللّٰه قا ئىبادەت قىلىنىشى ئۈچۈن قىيامەتتىن ئىلگىرى قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلدىم. مېنىڭ رىزقىم نەيزەمنىڭ سايىسى ئاستىدا قىلىندى. خارلىق ۋە بىچارىلىك مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلغان كىشىگە بولىدۇ».[1]

جىھاد پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋىتىگە باغلانغان بولۇپ، اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا بىر ئايلىق مۇساپىدىن قورقۇتۇش ئارقىلىق ياردەم قىلغان ئىدى. ئۇ جەڭگە كۆلۈپ مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ مۇجاھىدلارنىڭ ئىمامى، كىشىلەرنىڭ باتۇرى بولۇپ، جەڭ قىزىپ كەتكەندە ساھابىلەر ئۇنىڭ بىلەن قوغدىناتتى، ئۇنىڭ بىلەن شىجائەتلىك كىشىلەر بىر سەپتە تۇراتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋە ئۇممىتىنىڭ جىھاد قىلىدىغانلىقى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىلاھىي كىتابلاردىمۇ زىكىر قىلىنغان بولۇپ، ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرىكى ئىلاھىي كىتابلاردا ئۇنىڭ سۈپىتى ھەققىدە ‹ئۇنىڭ ئىززىتى مۈرىسىدە› دەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ قىلىچ ئېسىپ يۈرىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر. ئۇ كىتابلاردا يەنە ئۇنىڭ ۋە ئۇممىتىنىڭ قىلىچ ئاسىدىغانلىقىدىن ئىبارەت سۈپىتى سۆزلەنگەن بولۇپ، زەبۇرنىڭ بەزى ئورۇنلىرىدا مۇنداق دەپ كەلتۈرۈلگەن: ‹شۇ سەۋەبتىن اللّٰه تائالا ساڭا مەڭگۈلۈك بەرىكەت بەردى. ئى ئالىيجاناپ ئىنسان! سەن ئۆتكۈر قىلىچ ئاسسەن، ئۇممەتلەر سېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭدا بولىدۇ›.

---

[1] ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىرەر پەيغەمبەرنىڭ قىلىچ ئاسقانلىقى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتىنىڭ ھەيۋەتلىك دەۋران سۈرگەنلىكى سۆزلەنمىگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: ‹مەن بىر ئايلىق مۇساپىدىن دۈشمەنىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن نۇسرەتلەندىم›.①

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈممىتىنىڭ زەبۇردىكى سۈپىتى بولسا: ‹الله تائالا ئۇنىڭ ئۈممىتىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا نۇسرەت بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سالىھلارنى ئىززەت بىلەن توغرا يولغا ھىدايەت قىلغان. ياتقان ھالەتلىرىدە تەسبىھ ئېيتىدىغان، الله تائالاغا ئىبادەت قىلمايدىغانلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئىككى بىسلىق قىلىچ كۆتۈرگەن ھالەتتە يۇقىرى ئاۋازدا تەكبىر توۋلايدىغان كىشى خۇشال بولسۇن!›. مانا بۇ سۈپەتلەر مۇھەممەد ﷺ ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىگە ماس كېلىدۇ».②

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىلغان جىھاد ۋە غازاتلىرى ئۇنىڭ پاك تارىخىنىڭ ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، مەدىنىدىكى دەۋرىدە پەيغەمبەر ﷺ 27 قېتىم غازات قىلدى ۋە 56 قېتىم قوشۇن ئەۋەتتى، مانا بۇلار ئۇنىڭ بىر يىلدا ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم غازات قىلغانلىقىنى ۋە بەش قېتىم قوشۇن ئەۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غازاتلىرىدا كۆپلىگەن ھۆكۈملەر، ئىبرەتلەر ۋە دەرسلەر بار بولۇپ، زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: «غازات ئىلمىدە دۇنيا ۋە

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② «الفروسية» 159- بەتتىن 170- بەتكىچە.

ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقى بار». [1] ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غازاتلىرىنى قۇرئاندىن سۈرە ئۆگەنگەندەك ئۆگىنەتتۇق». [2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۈممىتىمگە مۇشەققەت بولۇپ قالمىسا ئىدى، ھېچقانداق جەڭدىن قالمايتتىم. ئەلۋەتتە مەن الله تائالا يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى، يەنە تىرىلدۈرۈلۈپ يەنە ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى، يەنە تىرىلدۈرۈلۈپ يەنە ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى ئارزۇ قىلىمەن». [3]

بىزنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جىھادىغا ۋە بارچە ئىشلىرىغا ئەگىشىشنى بۇيرۇغان الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ «سىلەرگە، — الله نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە، — رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر». [4] ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆزلىرى، ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە بارچە ئەھۋاللىرىدا ئۇنىڭغا ئەگىشىش توغرىسىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، الله تائالا ئىنسانلارنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەھزاب كۈنىدىكى سەۋرى، چىدامچانلىقى، رىباتتا تۇرۇشلىرى، قىلغان

---

[1] ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تارىخە» كىتابى.

[2] ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تارىخە» كىتابى.

[3] بۇخارى رىۋايىتى.

[4] سۈرە ئەھزاب 21- ئايەت.

جىھادلىرى ۋە رەببىدىن ياردەم سوراشلىرىدىن ئۈلگە ئېلىشقا بۇيرۇدى، ئۇنىڭغا تا قىيامەت كۈنىگىچە الله تائالانىڭ دۇرۇت ۋە سالاملىرى بولسۇن!

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا ئەھزاب كۈنى ئۆز ئىشلىرىدا بىئارام بولغان، چۆچۈپ كەتكەن، تەۋرەپ قالغان ۋە ئىككىلىنىپ قالغان كىشىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ﴾ ‹سىلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر›.[1] ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، بارچە ئىشلىرىدىن ئۈلگە ئالساڭلار بولمامدۇ؟!»[2]

[1] سۈرە ئەھزاب 21- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «تفسير ابن كثير» 3- توم 626- بەت.

## مۇئمىنلەرگە خۇش بىشارەت بەرگىن!

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأُخْرَى تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِّنَ اللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېئمەت اللە تىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىشى) دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۇئمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن».[1] اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۆز پەيغەمبىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى مۇجاھىد مۇئمىنلەرنىڭ ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى ۋە روشەن فەتىھلەر بولىدىغانلىقى بىلەن خۇش بىشارەت بېرىشكە بۇيرۇدى. ئى مۇجاھىدلار! يېقىن غەلىبە بىلەن خۇشال بولۇڭلار، ھەقىقەتەن اللە تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

خۇشال بولۇڭلار! توقۇنۇشلار كۈچىيىپ، مۇسىبەت ئېغىرلاشقاندا غەلىبە - نۇسرەت يېقىنلىشىدۇ.

ئۈمىدۋار ياشا دوستۇم، مۇسىبەت كېتەر ھامان،
مۈشكۈلگە ھەمراھ بولغان ئاسانلىق ھەربىر زامان.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿حَتَّى إِذَا اسْتَيْأَسَ الرُّسُلُ وَظَنُّوا أَنَّهُمْ قَدْ كُذِبُوا جَاءَهُمْ نَصْرُنَا فَنُجِّيَ مَنْ نَشَاءُ وَلَا يُرَدُّ بَأْسُنَا عَنِ الْقَوْمِ الْمُجْرِمِينَ﴾ «ھەتتا پەيغەمبەرلەر(قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە (قەۋمى تەرىپىدىن) يالغانغا چىقىرىلغانلىقىغا جەزم قىلغان چاغدا ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى. بىز خالىغان ئادەملەرنى قۇتقۇزدۇق،

---

[1] سۈرە سەف 13-ئايەت

بىزنىڭ ئازابىمىز گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ» .① ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا ئۆز نۇسرىتىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ (الله تائالانىڭ دۇرۇت ۋە سالاملىرى ئۇلارغا بولسۇن!) ئېغىر قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەن، ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتلىرىدا، الله تائالادىن كەڭچىلىك كۈتۈلگىنىدە چۈشىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا».②

خۇشال بولۇڭلار! الله تائالا ھەرگىزمۇ جىھادىڭلارنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَلَنْ يُضِلَّ أَعْمَالَهُمْ﴾ «الله نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شەھىدلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلىۋەتمەيدۇ».③ ئىمام تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرىگە، دىنىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن ھىدايەتكە ئۇرۇش قىلغانلارغا قارشى جىھاد قىلىڭلار! ﴿فَلَن يُضِلَّ أَعْمَالَهُمْ﴾ <ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلىۋەتمەيدۇ>، يەنى الله تائالا سىلەرنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتكەندەك بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.»④

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى <الله تائالا ئۆز رەسۇلىغا ياردەم بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئىشىنى غالىب قىلمايدۇ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ جامائىتىنى كۈچلەندۈرمەيدۇ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب

---

① سۈرە يۈسۈف 110- ئايەت.

② «تفسير ابن كثير» 4- توم 424- بەت.

③ سۈرە مۇھەممەد 4- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ «تفسير الطبري» 21- توم 61- بەت.

قىلمايدۇ، ئۆز دىنىغا ۋە كىتابىغا ياردەم بەرمەيدۇ؛ شېرىكنى تەۋھىد ئۈستىدىن، باتىلنى ھەق ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەۋھىد ۋە ھەق ھالاك بولۇپ، ئەبەدىي پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ> دەپ گۇمان قىلغان بولسا، ئۇ كىشى الله تائالادىن يامان گۇمان قىلغان ۋە الله تائالانى ئۆزىنىڭ كامالىغا، ئۇلۇغلىقىغا ۋە سۈپىتىگە لايىق كەلمەيدىغان ئىشلارغا نىسبەت بەرگەن بولىدۇ. <الله تائالا ئۆز جامائىتىنى ۋە قوشۇنىنى خار قىلىدۇ، غەلىبە - نۇسرەت دائىم ھەقتىن چەتنىگەن مۇشرىك دۈشمەنلەرگە تېگىشلىك بولىدۇ> دېيىش الله تائالانىڭ ئۇلۇغلىقى، ئىززىتى، ھېكمىتى ۋە ئىلاھىيىتىگە قارشى كېلىدۇ، كىمكى شۇنداق گۇمان قىلغان بولسا، الله تائالانى، ئۇنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى ۋە مۇكەممەللىكىنى تونۇمىغان كىشىدۇر».①

ئى قەھرىمان مۇجاھىدلار! الله تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى شۇكى، ئۇ ئۆز دىنىغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۆز ۋەدىسىنى چوقۇم روياپقا چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر الله تائالاغا تەقۋادار بولۇڭلار! شۈبھىسىزكى، تەقۋالىق ئەڭ ياخشى ئوزۇق ۋە دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى قىلغان ئەڭ ياخشى تەييارلىقتۇر.

ئىختىلاپ قىلىشماڭلار! بولمىسا دۈشمىنىڭلاردىن قورقۇپ قالىسىلەر ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ. بىلىڭلاركى، نۇسرەت سەۋر بىلەن، غەلىبە جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن، ئاسانلىق قىيىنچىلىق بىلەن بىرگىدۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قېرىنداشلىرىڭلارغا

---

① ئىبنى قەييىمنىڭ «زاد المعاد» كىتابى 3- توم 196- بەت.

جېنىڭلار ۋە مېلىڭلار بىلەن ياردەم بېرىڭلار، ئابرۇيۇڭلار ۋە قېنىڭلارنى ھىمايە قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىڭلارنى دۇئادا ئەسلەپ تۇرۇڭلار، بۇ ھېچكىشىگە تەس ئەمەس.

بۇغداي ئېشىك بولمىسا،

بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ؟

بىلىڭلاركى، اللە تائالا سىلەردىن بىھاجەت. ئەگەر بىرەر ياخشىلىق قىلغان بولساڭلار، ئۇنى اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا تاپىسىلەر، ئەلۋەتتە «اللە (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ».

بۇلۇتلارنى ھەيدىگۈچى، كىتابنى نازىل قىلغۇچى، كاپىر قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغۇچى ئى اللە! يولۇڭدىن توسۇۋاتقان دۈشمەنلىرىڭنى ھالاك قىلغىن.

ئى اللە! ئۇلارنىڭ بايرىقىنى يىقىتقىن، ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرىنى بەربات قىلغىن، ئۇلارنى كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلغىن.

ئى اللە! ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئۆزلىرىگە قارشى قىلغىن، ئۇلارنىڭ پىلانلىرى بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلغىن.

ئى اللە! سېنىڭ يولۇڭدىكى مۇجاھىدلارغا ياردەم بەرگىن.

ئى اللە! ئوقلىرىمىزنى نەق تەگكۈزگىن، قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن، كۆڭۈللىرىمىزنى خاتىرجەم قىلغىن، شەھىدلىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن، جاراھەتلىرىمىزگە شىپالىق بەرگىن، ئەسىرلىرىمىزنى ئازات قىلغىن.

ئى اللە! سەپلىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ، قەلبلىرىمىزنى

ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كەلىمىمىزنى بىر قىلغىن.

ئى اللّٰه! بىزلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلغىن.

ئى اللّٰه! ئىشلىرىمىزگە ئىگە بولغىن، سۇنۇقلىرىمىزنى تاڭغىن، ئاجىزلىرىمىزغا رەھىم قىلغىن.

ئى اللّٰه! بىزگە ياردەمچى ۋە ئىگە بولغىن، ئامىن!

3 / 12/ 1434 ھ

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

مەن شەيخ مۇھەممەد ئەلھەسمى ھەفىزەھۇللاھنىڭ «جىھاد بەلگىسى» ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدا نۇر، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە سەممىي نەسىھەت بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

بۇ كىتاب ياخشى ۋە پايدىلىق ئىكەن، مەن ئۇنىڭ بېسىپ تارقىتىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۇنى ئوقۇپ بېقىشقا تەشەببۇس قىلىمەن.

ــ سۇلايمان ئىبنى ناسىر ئەلئۇلۋان

1434/12/2 ھ

جىھاد بەلگىسى